تەلئەت قادىرى



# يارىلانغان قۇش

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ISBN 7-228-05709-0
9 787228 057092 >

ISBN 7-228-05709-0
I·2104 (民文)定价: 6.00元

تەلئەت قادىرى

# يارىلانغان قۇش

شىنجاڭ خەلق

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

受伤的鸟:维吾尔文/太来提·卡德尔著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.5

ISBN 7—228—05709—0

Ⅰ.受… Ⅱ.太… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 22972 号

责任编辑:巴力江·扎帕尔

封面设计:艾克拜尔·萨里

**受伤的鸟**(维吾尔文)

(诗集)

**太来提·卡德尔 著**

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001)

新疆新华书店发行

新疆司法印刷厂印刷

787×1092 毫米 32 开本　3.25 印张 2 插页

2000 年 5 月第 1 版　2000 年 5 月第 1 次印刷

印数:1—3000

---

ISBN7—228—05709—0/I.2104　　定价:6.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: بارىجان زەپەر
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# يارىلانغان قۇش

(سونېتلار)

**تەلئەت قادىرى**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئەدلىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 3.25 ، قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3000 _ 1
ISBN7—228—05709—0/I. 2104
**باھاسى:** 6.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

تەلئەت قادىرى 1961 ـ يىل ـ 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئازاق يېزىسى تېجەن كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن . 1984 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . 1994 ـ يىلى قىزىلسۇ پېداگوگىكا مەكتىپىگە يۆتكىلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . 1996 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن . ھازىر شۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ . ئالىي لېكتور .

بۇ ئاپتورنىڭ 1998 ـ يىلى نەشر قىلىنغان « دۇئېلدىكى شائىر » ناملىق كىتابىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئىككىنچى كىتابى بولۇپ ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغان بىر تۈركۈم سونېتلىرى كىرگۈزۈلدى .

# مۇندەرىجە

ئايسىز دالا ........................................ 1
يىتكەن ئۇۋا ........................................ 2
تېڭىقسىز يارا ........................................ 3
كۆزۈڭدىكى ۋەتىنىم ........................................ 4
ئاق قار ........................................ 5
سۆيۈلمىگەن كېچە ........................................ 6
كۈتۈش ........................................ 7
ئوغرى چىش ........................................ 8
بۇزۇلغان چۈش ........................................ 9
قۇش پەسلى ........................................ 10
قار ياغدىمۇ تاغلىرىڭغا بۇ قىشتا ........................................ 11
ئېرىقىڭدا ئەگىزلىرىڭ ئاقتىمۇ ........................................ 12
قار ئارىلاش يامغۇر ........................................ 13
خالىساڭ ........................................ 14
ساڭا بېغىشلاپ ........................................ 15
ئىشتىن قايتىش ۋاقتىدا ........................................ 16
ئوغرىلىقچە سۆيۈش ........................................ 17
رەڭلىك ، رەڭسىز سۈرەتلەر ........................................ 18
باياۋان گۈلى ........................................ 19
مەڭگۈلۈك قىز ........................................ 20
ئازابلىق شەنبە ........................................ 21

www.uyghurkitap.com


بىر جۈپ يېتىم قۇش ........................ 22

ئوتتۇز ئالتە ياشلىق يىگىت ........................ 23

نويابىرنىڭ ئون توققۇزى ........................ 24

قارا پەرىشتە ........................ 25

دېكابىر كېچىسى ........................ 26

قان يالقۇنى ........................ 27

گۇمان ........................ 28

قەرنە ........................ 29

چېكىنىشمۇ ياكى بېسىپ كىرىشمۇ ........................ 30

يارىلانغان قۇش ........................ 31

قىروۋ پەسلى ........................ 32

مۇزلاش ئالدىدىكى يۈرەك ........................ 33

ئاجرىماقتا ........................ 34

قىزنىڭ زەربىسى ........................ 35

هالقىش ........................ 36

ئۆتۈنۈش ........................ 37

ئوغرىلانغان ئەقىدە ........................ 38

تۈيغۇمدىكى چۆچۈشلەر ........................ 39

يانۋاردىكى قارلىغاچ ........................ 40

خۇپپىيانە بايرام ........................ 41

ئىككىنچى چېقىن ........................ 42

پارلاق تىرىلىش ........................ 43

ئۆرۈمچىنىڭ بىر قىزى ........................ 44

يىگىتلىك پەسلى ........................ 45

بۇ دېگەن ـ مۇھەببەت ........................ 46

تەتۈر بايان ........................ 47

سۇرتمە ھەرگىز يېشگىنى .................................... 48
تۇنجۇققان ھېسلار .................................... 49
قىزلىق جىلۋىسى .................................... 50
قۇرغاق سۆيگۈ .................................... 51
مەڭگۈلۈك كۈتۈش .................................... 52
بۆھران مەزگىلى .................................... 53
يىراقتىكى يەلكەن .................................... 54
ئاقىۋەت .................................... 55
تەڭرىنىڭ سوۋغىتى .................................... 56
توزىغان گۈل .................................... 57
ماڭا چۈشكەن چاقماقلار .................................... 58
ئەقىللىق ھاماقەت .................................... 59
ئىككى خىل مىجەز .................................... 60
پەرقلىق سۆيۈش .................................... 61
مۇھەببەتكە قويۇلغان چېكىت .................................... 62
يەنە ئۇنىڭغا بېغىشلاپ .................................... 63
توزىماس گۈل .................................... 64
مەخپىي رېتسىپ .................................... 65
تىمتاس ئىسيان .................................... 66
تاللاش .................................... 67
قارلىغاچ تۇمانلىرى .................................... 68
جىگدە چېچىكى .................................... 69
كۈندەشلىك .................................... 70
جاۋاب بەر .................................... 71
ئۆتكۈنچى يامغۇر .................................... 72
بىراق .................................... 73

تاشلاندۇق سۆيگۈ ........................... 74
سۆيگۈنىڭ بىر قانىتى ........................... 75
تەۋرىنىش ........................... 76
پىچەتلەنگەن يۈرەك ........................... 77
كەپتەر ........................... 78
يىراقتىكى ھەمراھ ........................... 79
غېرىبلىق نۇرى ........................... 80
چەكلەنگەن سوۋغا ........................... 81
بەختسىز بەخت ........................... 82
مۇھەببەتنىڭ ۋەتىنى ........................... 83
قىيامەتنىڭ بەلگىسى ........................... 84
دېڭىز ۋە ئارال ........................... 85
توي كېچىسى ........................... 86
ياۋا گىياھ ........................... 87
قەلبىمدىكى ئولجا ........................... 88
سۈرگۈندىكى مۇھەببەت ........................... 89
مەڭگۈ ئۆز پېتى ........................... 90
ئاقار يۇلتۇز ........................... 91
قەلبىمدىكى مەھبۇس ........................... 92
جەننەت كۆلى ........................... 93
دوزاخ گۈلى ........................... 94
ئىلاھ بەرگەن سەدىقە ........................... 95
ئىككىنچى كىچىك بىنا ........................... 96
مەڭگۈلۈك ئوۋ ........................... 97


www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئايسز دالا

قاتتىم مەزمۇت چوققىلاردا مۇز بولۇپ ،
يالتىراتما ئەمدى ئۆتكەن نۇرۇڭنى ؛
جۇلالاتما ، رەزگى ، ساختا تونۇڭنى ،
سۆيۇشلىرىڭ بىلىنمەكتە بەك سوغۇق .
ھىجران كىلىپ چەككىنىدە يۈرەكنى ،
سولاشماقتا قىزىلگۈللەر پورەكلەپ ؛
تۆكۈلگەن ياش ئوبرازىڭنى سۇرەتلەپ ،
گۇمران قىلدى بىر چىرايلىق تىلەكنى .
ئايسز قالدى بۇگۈن ئاخشام داللار ،
ئەتراپ جىمجىت ، مىسكىن تىنىق تارىلار ،
ئۆچتى ئاخىر شۇ ئۆيىنىڭمۇ چىرىغى .
مەن سەيىيارمۇ مەجبۇر بولغان كۆچۈشكە ،
باشلىماقتا مانا ئاخىر ئۆچۈشكە ،
يۈرىكىمدە قالغان ئاياغ ئىزلىرى .

20 . 3 . 1993

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىتكەن ئۇۋا

پىلانېتلار ئاتلاپ كەلسەڭ مىڭ تەستە ،
قار قاپلىغان ئورمانلىقتا گۈزەل قۇش ؛
يوقتۇر بىراق قوۋناق ئۇۋاڭ ئۆز - تونۇش ،
قۇچاق ئېچىپ تۇرغان چەكسىز ھەۋەستە .
بېسىپ كىرەر غېرىبسىنغان ئاھاڭلار ،
زارىقىشتا كۈتكەن يالغۇز قەلبكە ؛
ئايلانماقتا خۇددى بىر تال ھەرپكە ،
يۇلغۇن سۈپەت چېچەكلىگەن ئارمانلار .
تاشلاپ كەتتىڭ يۈرىكىڭنى ئورمانغا ،
قالسۇن دېدىڭ بەلكىم غايىب ئۇۋاڭدا ،
ياشىماقچى بولغاندەكلا يۈرەكسىز .
ياشاپ يۈرسە يۈرىكى يوق بىر بەدەن ،
قۇچاقلىماق بولدى ئۇنى باشقا تەن ،
يۈرىكىڭنىڭ يوقلۇقىدىن خەۋەرسىز .

22 . 3 . 1993

# تېگىنقسىز يارا

قەلبىمدىكى قالغان يارا تېگىنقسىز ،
كۆچۈپ قالدى قاچان ئاينىڭ يۈزىگە ؛
قىزنىڭ تۈندەك قارا ، سۈزۈك كۆزىگە ،
يېزىلغاندۇ قايسى خەتلەر يېزىقسىز .
مەن قەلبىگدە تۇغۇلمىغان ۋۇجۇدمەن ،
كۆيۈك تاغلار يۈرىكىمدۇر يالىڭاچ ؛
مەن تەرەپكە ئاققىن تاڭدەك ياكى قاچ ،
مەن ئۈستۈگدە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتمەن .
قوندۇر مېنى قۇچىقىڭدا بىر ئاخشام ،
بار گۈللەردە ئوراپ قويغان بىر ناخشام ،
تېگىپ قويغىن پىچاق كەسكەن قولۇمنى .
يۈرىكىمنى قويۇپ شۇندا گۆرۈگە ،
ئاتلانماقچى قايتا يېڭى سەپەرگە ،
ئىزدەپ قېلىن قار قاپلىغان يولۇمنى .

25 . 3 . 1993

# كۆزۈڭدىكى ۋەتىنىم

قان تۆكمەكتە دولقۇنلارغا جۇلالىق ،
چوققىلاردا سۇنۇپ قالغان شەپەقلەر ؛
يورىماقتا بىر ـ ئىككىدىن قەۋەتلەر ،
ھەررۇجەكتە بىردىن يۇرەك ئوراقلىق .
باردى ئىزلار بىر ـ ئىككىدىن كۆپىيىپ ،
خاتىرىلەر بۇندا يەنە نۇرلاندى ؛
ئاق تۆشەكتە تەنھا قەلب ئويغاندى ،
كىرپىكىدىن تارام يۇلتۇز ئۈزۈلۈپ .
قونۇپ قالدى شېرىن چۈشلەر ساھىلدا ،
قونۇپ قالدى ئۈنىڭ بىلەن بۇ دۇنيا ،
ئىشىك چېكىپ يۈرەر پەقەت قەسىمىم .
چېچىڭ ياتار چۈشلىرىڭگە ئىلىنىپ ،
تۇزار خىيال شامالاردەك سىلىكىپ ،
ئۇخلىمايدۇ كۆزۈڭدىكى ۋەتىنىم .

5 . 4 . 1993

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى

# ئاق قار

ئېيتقىن ، چۈشەپ قالغانمىدىڭ ئاق قارنى ،
شەپىسىزلا ئويغىنىپتۇ ئاق ئالەم ؛
سەن تۇغۇلدىڭ ئاق دۇنيادا ئاق لالەم ،
كىم يوق دەيدۇ قار ئاستىدا باھارنى .
يۈزلىرىڭنى سۆيسە قارلار بىلىنمەس ،
يۈرىكىڭگە سىغماي قالدى شادلىقى ؛
لېكىن ، ماڭا كېرەك قارنىڭ ئاقلىقى ،
پەسىل بويلاپ ئۆچمەس ھەمدە ئېرىمەس .
تۇنجى قىش ۋە تۇنجى سەھەر ، تۇنجى قار ،
ئويغىتىدۇ يۈرەكلەردە ئوت ــ باھار ،
بولغاچقا ئۇ پاك دۇنيانىڭ سىماسى .
ياغسام دەيمەن تۇنجى قاردەك چۈشۈكگە ،
ياغسام دەيمەن تاملىرىڭغا ــ ئۆيۈڭگە ،
بولۇپ قالسام پەقەت ئاقلىق مىسالى .

4 . 7 . 1993

# سۆيۈلمىگەن كىچە

مەن تاشلىنىپ قالغان مۇشۇ كوچىدا ،
مۇھەببەتنىڭ ھۇجرىسىغا تۇتاشقان ؛
تۇرساق ئەجەب بىز ئەمدىلا ئۇچراشقان ،
كەتتىڭ دەسسەپ پۇتلىرىڭنىڭ ئۇچىدا .
گۇگۇم كىرىپ كەلگىنىدە شەھەرگە ،
كۆلەڭگىگە ئايلانماقتا قىز ـ يىگىت ؛
ئايلىنالماي قالدىم بۈگۈن ھەي ئىسىت !
گۇگۇم قىزى غايىب بولدىڭ قەيەرگە .
غەزەپلىنىپ قالدى سۆيگۈ ئىلاھى ،
كۆرۈپ قىلىپ يۈرىكىمنىڭ سىياقى ،
تاماكىنىڭ قالدۇقلىرى ئۇچىدە .
شۇ كوچىدا قالدى مۇزلاپ قاردەك تەن ،
ئادەملەرسىز ياشىغاندەك يەر ـ ۋەتەن ،
سۆيۈلمەستىن ، سۆيۈلمىگەن كىچىدە .

11 . 4 . 1993

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# كۆتۈش

سۆيگۈڭ كەلسە خاتىرەڭدە سېغىنىپ ،
سۆيۈپ قويغىن دالىدىكى چېچەكنى ؛
ئۇ ئەسلىتىپ يىراقتىكى يۈرەكنى ،
ئالدىڭدىلا كەتسۇن قاردەك ئېچىلىپ .
كۆز يېشىڭنى قوشۇۋەتكىن يامغۇرغا ،
شادلىقىڭنى بەر دېڭىزغا ، تارتسا توي ؛
يۈرىكىڭنى قىرغاقلارغا كۆمۈپ قوي ،
كۆرسەتمىگىن قىزغانچۇق شۇ قىزلارغا .
ئاياغ باسما سۆيۈلمىگەن قەلبكە ،
سەن سىرداشما ئازابلانماس يۈرەككە ،
مازاق قىلار قەلبسىزلەر سۆيگۈڭنى .
سەن يىغلىساڭ يىغلا كۆكتە يۇلتۇزغا ،
يىغلىمىغىن بىر قېتىممۇ شۇ قىزغا ،
پەرۋىش قىلغىن تەشنەكتىكى گۈلۈڭنى .

13 . 4 . 1993

www.uyghurkitap.com

# ئوغرى چىش

جاھاندىكى گۈزەل دېگەن نەرسىنىڭ ،
بولىدۇ ئەڭ گۈزەل يېرى ـ زىننىتى ؛
بولغىنىدەك گۆھەرنىڭمۇ گۆھىرى ،
كۆزلىرىنى چاراقلاتقان ھەممىنىڭ .
دەريا گۈزەل ، گۈزەل بەكرەك دولقۇنى ،
تاغلار گۈزەل ، گۈزەل بەكرەك چوققىلار ؛
قەلب گۈزەل ، گۈزەل بەكرەك تۇيغۇلار ،
چېقىن گۈزەل ، گۈزەل بەكرەك يالقۇنى .
ئاھ ، شۇنىڭدەك تولغان بەدەن سەندىكى ،
ئويغاتمىدى ھېسلىرىمنى تەندىكى ،
ئوخشىمىدىڭ بىرلا يەردە ھېچكىمگە .
مەست قىلالماس چاچلىرىڭنىڭ قايىنىمى ،
تېخى يەنە غۇنچىدەك لەۋ ئارمىنى ،
كۆيدۇم پەقەت بىرتال ئوغرى چىشىڭگە .

17 . 4 . 1993

# بۇزۇلغان چۈش

كۆتۈرمەكتە قەلبىم چەكسىز شاۋقۇنلار ،
چۆكۈپ كەتتى دېڭىزلىرىنىڭ ئىچىگە ؛
تۇتاشماقتا ئىلاھى ئوت تېنىمگە ،
چاچراتماقتا قارىچۇقلىرىم يالقۇنلار .
خالتا كوچا بۇزۇپ قويسام چۈشۈڭنى ،
جالاقلاتتىڭ ئىشىكلەرنى يۈزۈمگە ؛
سىغدۇرمىساڭ رەستە ، سىغاي ئۆزۈمگە ،
ئاڭلاتمىغىن بىراق ، ئوتتەك ئۈنۈڭنى .
خاتا چەكسەم چەككەندىمەن تېمىڭنى ،
خاتا توۋلاپ قالسام قالدىم ئېتىڭنى ،
يۈرىكىڭنى بىراق ، خاتا چەكمىدىم .
دەيسەن : خاتا كىرىپ قالدىڭ بۇ يولغا ،
دەيمەن : خاتا بەلكىم مەن يا بۇ كوچا ،
بوپتۇ قالسۇن بۇندا خاتا كەچمىشىم .

9 . 5 . 1993

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# قۇش پەسلى

بولالىسام ئىدى بىر قۇش ئىست مەن ،
بارالايتتىم ئەركىن ئۇچۇپ مەلەڭگە ؛
مەيلى ماڭا ئىشەن ياكى ئىشەنمە ،
بىرلا سېنى سۆيۈپ قالغان يىگىتمەن .
پەيدا بولدى يۇچۇن ئىزلار ئارقاڭدا ،
شۇ ئىزلارنىڭ ئارىسىدا ئىزىم بار ؛
بۇ كوچىدا مېنىڭ سۆيگەن قىزىم بار ،
ئېقىپ تۇرغان سۆيگۈ بويلاپ ھەرتاڭدا .
سەن تالاغا چىققىنىڭدا قار توختاپ ،
قار رەڭگىدە قالسا بىر قۇش يالتىراپ ،
ئۇچۇرۇشەت ئۇنى دەرھال كۆزۈڭدىن .
بىراق ، دېمە : « قىشتىكى بۇ قاي باھار ؟ »
قۇش تۇزۇتقان دەرەختىكى مۇزدەك قار ،
سۆيۈپ قالسا بىر جۇپ ئوتتەك يۈزۈڭدىن .

25 . 1 . 1994

# قار ياغدىمۇ تاغلىرىڭغا بۇ قىشتا

قارا ياغدىمۇ تاغلىرىڭغا بۇ قىشتا ،
قەلبىڭ خۇددى قاردەك ئاپئاق ـ تۇزۇكمۇ ؟
تومۇرۇڭدا قانلار تېخى سۈزۈكمۇ ،
قالمىغانسەن ئاھۇ مىسلى بېقىشتا ؟
يالقۇنلامدۇ تۇرۇپ قەلبىڭ ھېلىمۇ ،
كۆرۈپ قالساڭ مېنى بەزەن يىراقتىن ؟
ئايرىلدىڭمۇ پەرۋانىدەك چىراغتىن ،
باتناشلىرىڭ كوچەيدىمۇ تېخىمۇ ؟
كۆزلىرىڭدىن ئۇچۇپ كەتكەن سىياقىم ،
تىرىلدىمۇ يەنە قايتا ئىلاھىم ،
يۈرىكىڭدە ئۆلۈپ قالغان شەھەردە ؟
مەن قەلبىڭگە ئۇچتۇم قايتا بىر نۆۋەت ،
تۇنجى قەلب بوپ قالمىسۇن يېتىم دەپ ،
قار باھارى جۇلا ئاتقان سەھەردە .

23 . 2 . 1994

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئېرىقىڭدا ئەگىزلىرىڭ ئاقتىمۇ ؟

ئېرىقىڭدا ئەگىزلىرىڭ ئاقتىمۇ ؟
ئۇچۇپ كېلىپ تاغ باغرىدىن مارت ئېيى ؛
كۆڭلۈم ئەمەس لەيلەپ يۈرگەن قۇش پېيى ،
سۆگەتلىرىڭ چاچتەڭگىلەر ئاستىمۇ ؟
ئۇچۇپ كەلسە قۇشلار يەنە ئورمانغا ،
سېغىندىڭمۇ شائىرىڭنى ياد ئېتىپ ؛
يۈرىكىڭنى يېرىپ يەردەك چاك ئېتىپ ،
ئەسلى مېنىڭ سۆيگەن قىزىم ئورنىدا .
باھار قۇشى كېلىپ قونسا قىرغاققا ،
سەن ئوخشىتىپ ئۇنى ماڭا شۇ تاپتا ،
چانىقىڭغا كۆز ياشلىرىڭ تولارمۇ ؟
ياكى تۇرۇپ شۇ قىز بىلەن مەن بىللە ،
كىرىپ قالسام سېنىڭ ئاپئاق چۈشۈڭگە ،
بىلەلمىدىم ، مېنىڭ تويۇم بولارمۇ ؟

24 . 2 . 1994

# قار ئارىلاش يامغۇر

قار ئارىلاش يامغۇر ياغدى كۈن بويى ،
بالا قۇشتەك ئوماققىنا شەھەردە ؛
كەلگىن قىزچاق مەيلىڭ بولسا ئەگەردە ،
سىردىشايلى دەرەخ ئوخشاش تۈن بويى .
ياغماقتىمەن شاد ئارىلاش قايغۇدا ،
ياغماقتىمەن قار ـ يامغۇردەك ئۆزۈمگە ؛
ئىشەنمەمسەن سۆيگۈ ئارىلاش كۆزۈمگە ،
كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇدۇلدىكى دوقمۇشتا .
سەن يامغۇرمۇ ئارىلاشقان قارلارغا ،
سەن قارمۇ يا سىڭىپ كەتكەن يامغۇرغا ،
بىراق ، ئەجەب سەن ئۇنىڭدەك ياغمايسەن ؟
ئادەم بولۇپ ياشىغاندىن گاھىدا ،
ياشاش ئوڭاي قار ۋە يامغۇر ئورنىدا ،
چۈنكى ، ھەردەم ئادەملەردىن قاچمايسەن ؟

20 . 3 . 1995

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## خالىساڭ . . .

سەن خالىساڭ تېرىۋالغىن قەلبىمنى ،
دالىدىكى ياۋا چېچەك ــ گۈللەردىن ؛
كۆرۈۋالغىن دېڭىزلاردىن ، كۆللەردىن ،
سەن خالىساڭ مېنىڭ پىنھان ئەكسىمنى .
مەن ئۆزۈمگە ياراپ قالغان بىر ئىنسان ،
سېنىڭ قېنىپ سۆيۈشۈڭگە ئەرزىيمەن ؟
بىراق ، قۇشتەك يۈرىكىڭنى ئەگىيمەن ،
ئۆرتەپ قالسا تۇرۇپ ــ تۇرۇپ ئوت ــ پىغان .
مەن بىر خىيال چاچراپ كەتكەن قاناتتىن ،
ئىزدىمەيمەن بىراق قانات ھاياتتىن ،
قانات بولساڭ ماڭا ، ئۆزۈڭ تېپىۋال .
مېنىڭ خالىي سۆيۈشلەرگە رايىم يوق ،
خەقلەر ماڭا تۇغقان ئەمەس كارىم يوق ،
نەدە بولسام يۈرىكىڭگە بېسىۋال .

21 . 3 . 1996

# ساڭا بېغىشلاپ

ئېسىڭدىمۇ ، شۇ شىمالىي قۇتۇپتا ،
قان رەڭگىدە كۆيۈۋاتقان شەپەق مەن ؛
پەسىللەرگە نامىسىز يىگىت ئەجەب مەن ،
يۈرىكىنى يېپىپ قويغان يوپۇقتا .
تېنەپ يۈرەر خىياللىرىم رەستىدە ،
گويا ئېقىش تاپالمىغان ئېقىندەك ؛
روھ قەلئەسى يانار دەھشەت چېقىندەك ،
پىنھان سۆيگۈ توپقا تۇتقان پەيتىدە .
يۈرىكىمدىن كۆكلەپ چىقساڭ بىخ يېرىپ ،
تۇپراق بولغۇم كېلەر ساڭا تىۋىنىپ ،
بۇ جاھاننى قويۇپ تۇرۇپ بىر چەتكە .
كىرپىكىڭگە قونۇپ قالسا تۇيغۇلار ،
قىينىمىغىن سەن ئۆزۈڭنى بولدىلا ،
تاشلان پەقەت ، خالاپ سۆيگەن تەرەپكە .

29 . 6 . 1997

www.uyghurkitap.com

# ئىشتىن قايتىش ۋاقتىدا

كۆردۈم ئەي قىز قىلغىنىڭنى مەسخىرە ،
كۆردۈم يىگىت قىلدىڭ مېنى سەن مازاق ؛
چۈشەنمەستىن دېگەنسىلەر : ئۇ چاتاق ،
يارىلانغان قۇشلىقىمنى ئەسلىدە .
ئۆگەنمىگەن مەن سىلەردەك ياشاشنى ،
يالتىراق روھ ، يالتىراق بىر تۇيغۇدا ؛
ساختىلىقنى قىلىپ رەڭدار بىر مودا ،
بۇ دۇنياغا ئۆلۈك ئوخشاش قاراشنى .
قار ـ يامغۇرۇڭ ياغسا ياغسۇن ئۈستۈمدە ،
لاۋۇلدايدۇ بىر ئوت ھامان كۆكسۈمدە ،
دۈگدەيسەممۇ يېتىم قۇشتەك شۇ جايدا .
كىملەرنىدۇ قوغلاپ يۈرگەن ئەي يامغۇر ،
ئىشىنىمەن بوپ قالىسەن ئۈنچە ـ دۇر ،
ئاشۇ قىزنىڭ ئىشتىن قايتىش ۋاقتىدا .

29 . 6 . 1997

# ئوغرىلىقچە سۆيۈش

ئوغرىلىقچە سۆيۈش قانداق لەززەتلىك ،
تەئەللۇقتەك ئۇ بىردىنبىر ساڭىلا ؛
بىر سۆيۈشۈڭ تەڭ كېلىدۇ جاھاندا ،
ئېرىشكەنگە بىر خەزىنە قىممەتلىك .
بىراق ، جېنىڭ قىينىلىدۇ ئازابتا ،
شادلىقىڭنى دېگۈڭ كېلىپ دېيەلمەي ؛
ھەسرىتىڭنى دېگۈڭ كېلىپ دېيەلمەي ،
سەن ياشايسەن بىر مۇرەككەپ تۇيغۇدا .
بۇ سۆيۈشتە ئېرىشسەن بىر دەمدە ــ
ئەركىنلىككە ، مۇھاسىرە ئىچىدە ،
بەختكە ھەم قورشاۋلاردا قاتمۇ ــ قات .
بەزەن چاغدا گۇناھ ھەتتا جىنايەت ،
بولىدىكەن ئەجەب گۈزەل شۇ سەۋەب ،
بوپتۇ ئوتلۇق گۇناھ بىلەن ئۆت ھايات !

5 . 7 . 1997

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# رەڭلىك، رەڭسىز سۈرەتلەر

بىر قىزمۇ سەن ياكى جەننەت باھارى،
قانجىرىغان بىر زېمىننى كۆكلەتكەن؟
سۆيۈپ قالدىڭ ئوتلىرىڭدا ئۆرتەنگەن ـ
بىر يىگىتنى، سەنمۇ قىزلار قاتارى.
قارىچۇقىمغا ئۇۋا سالغان قارلىغاچ،
ياتالمايسەن قېنىپ ئەجەب ئۇۋاڭدا؛
قەدەملىرىڭ ئەندىشە ۋە گۇماندا،
چىن سۆيگۈگە بۇندا ئىلاج قالمىغاچ.
بولمىساقمۇ سەن، مەن زۆھرە ۋە تاھىر،
رىتىمىنى بۇزدى چۈشەنسەڭ ئاخىر،
قىز ـ يىگىتسىز ياشاپ كەلگەن يۈرەكلەر.
قېنى ياشاپ باقمامدۇق بۇ جاھاندا،
خەقكە تونۇش لېكىن، سىرلىق ماكاندا،
سىزىپ رەڭلىك، ئاندىن رەڭسىز سۈرەتلەر.

25 . 8 . 1997

# باياۋان گۈلى

شەھەر قىزى قالدىڭ نامسىز سەھەردە،
چانىقىڭدا سوۋغات يېشى بالقىتىپ؛
ئاھ، دېگىنىزدەك قەلبىم ئېغىر چايقىلىپ،
چىقىپ كەتتىم نائىلاج بۇ سەپەرگە.
بېسىپ كىرەر يۈرىكىمگە دەممۇ ـ دەم،
بىر ـ بىرىدىن رەڭدار، دەردلىك ھاياجان؛
بوپ قالماقتا كۆڭلۈم چەكسىز باياۋان،
يالقۇنىڭدا كۆيۈپ تۇرغان ئاشۇ دەم.
ئالدىمدىكى قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە،
كۆكلەپ چىقىپ يېشىل گىياھ تۈسىدە،
سۆيۈپ قويدۇڭ چاڭقاپ كەتكەن دىلىمنى.
تامچىنغاندا قېنىم ھىجران چۆلىگە،
تامچىنغاندا سەن ـ باياۋان گۈلىگە،
قورشاۋلارغا ئالدىڭ يەنە جېنىمنى.

26 . 8 . 1997

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# مەڭگۈلۈك قىز

بېسىقتىمۇ ، شۇ كۈن گۈگۈم پەيتىدە ،
پەسىل قۇشى سۆيگەن سىنى تۇنجى بوپ ؛
يۈرىكىڭدە سۆيگۈ ئىسيان كۆتۈرۈپ ،
روھ ئالىمىڭ كەلگەن دەھشەت لەرزىگە .
شۇندىن بۇيان ساڭا بىر جان يېقىندەك ،
تومۇرۇڭغا سىغماي قالدى قانلىرىڭ ؛
تېنىڭگە ھەم سىغماي قالدى جانلىرىڭ ،
يۈرىكىڭگە كۆچتى بىر ئوت چېقىندەك .
ۋاپا ھەمدە قەسىمىڭنى ئۆلتۈرۈپ ،
ئىستىلاچى بايرىقىمنى كۆتۈرۈپ ،
ئەسىر قىلدىم ئاخىرى ھۆر كۆزۈڭنى .
سىزدىم قىزلىق سۈرىتىڭنى بىر يەردە ،
لېكىن ، مەڭگۈ بىر قىز ئۆزۈڭ شۇ ئەرگە ،
ئاڭلاتساڭلا قىيامەتتەك ئۈنۈڭنى .

28 . 8 . 1997

# ئازابلىق شەنبە

ئۇرۇلماقتا زەرپ بىلەن قىرغاققا ،
ئازابلاردىن تاشقىنلىغان يۈرىكىم ؛
تاشلىنىۋەتتىنىڭ تۇرۇپ ئەجەب ئۇمىقىم ،
شەنبە كېچە مېنى يالغۇز يىراققا .
كۆتتىم قەدەم تىۋىشىڭنى بىر هازا ،
بويتاق شائىر كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ ؛
چىقتىم كېچە يۈرىكىمدە قوندۇرۇپ ـ
بىر سېنىلا ، قىلغاندىمۇ سەن خاپا .
رەنجىدىڭمۇ ياكى مېنى رەنجىتتىڭ ،
يۈرىكىمنى قويدۇڭمۇ يا ئېپ كەتتىڭ ،
ئۇنتۇمايمەن قىساسكار قىز غەلىبەڭنى .
ئۆزۈم ئۈچۈن بىر خاتىرە كۈن بىلىپ ،
سۆيدىم چەكسىز ھەسرەت بىلەن ئۆرتىنىپ ،
سوۋغا قىلغان شۇ ئازابلىق شەنبەڭنى .

29 . 8 . 1997

# بىر جۈپ يېتىم قۇش

ئۆز ـ ئۆزۈڭگە بېرەلمەستىن ئەركىنلىك ،
ياشاپ كەلدىڭ سەن شۇ توپىنىڭ ئىچىدە ؛
ياشاپ كەلدىم مەن بۇ توپىنىڭ ئىچىدە ،
يۈرىكىمگە ئازار بېرىپ ھەر تۈرلۈك .
كۆز قىرىڭنى سالساڭ ماڭا مۇبادا ،
يامغۇردەكلا ياغار ھەسرەت ـ تۆھمەتلەر ؛
ئاجىز كېلەر تالانت ـ ئەقىل ، ھېكمەتلەر ،
ساختىپەزلىك ئالدىدا بۇ جاھاندا .
سۆيۈشمەيمىز كۆرۈشسەكمۇ ھەر كۈنى ،
خىياللاردا ، ئېڭىمىزدا تۈن بويى ـ
سۆيۈشىدۇ بىراق ، تىنماي روھىمىز .
ھېس قىلىدۇ دىلدا قاتتىق زورۇقۇش ،
بىر ئاسماندا بىللە ئۇچقان يېتىم قۇش ،
تىكەن بىلەن تولغاچ تونۇش يولىمىز .

30 . 8 . 1997

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى

# ئوتتۇز ئالتە ياشلىق يىگىت

ساڭا كۆيۈپ قالدىم دېگەن ئەي ئوماق ،
خالىساڭ گەر كۆزلىرىمگە چۆكۈپ كەت ؛
چۆكەلمىسەڭ نەلەرگىدۇر كۆچۈپ كەت ،
جان ـ جېنىمغا ئۆتۈپ كەتتى بۇ پىراق .
ئېغىر كەلدى يۈرىكىمگە بۇ سۆيۈش ،
سېنى ھەر كۈن سۆيۈپ تۇرۇپ سۆيەلمەي ؛
چۈشەندىم دەپ تۇرۇپ سېنى چۈشەنمەي ،
ياشاپ كەلدىم بۇ جاھاندا بىر ئۆلۈش .
ياشىدىمۇ يۈرىكىڭدە بىر جاندەك ،
مەۋج ئۇردىمۇ تومۇرۇڭدا ساپ قاندەك ،
سېنى شۇنداق سۆيەلمىگەن كېچىلەر .
ياخشى كۆرۈش راست گەپ بولسا جاھاندا ،
ئوتتۇز ئالتە ياشلىق يىگىت ئارماندا . . .
كۆزۈم ھامان يولۇڭ تامان تېشىلەر .

24 . 10 . 1997

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# نويابىرنىڭ ئون توققۇزى

نويابىردىن شۇ « ئون توققۇز » دېگەن سان ،
قاچانلاردىن كۆچكەن مېنىڭ قەلبىمگە ؛
قىلدىمۇ يا ئاسىيلىق مەن ئەسلىمگە ،
يۈرىكىڭگە سېلىپ غوۋغا ۋە چۇقان ؟
ئولتۇرىمەن شۇ تۇغۇلغان كۈنۈڭدە ،
يۈرىكىمدە ساڭا ئاتاپ شام يېقىپ ؛
تۇغۇلغان كۈن كېتەر يىلدا بىر كېلىپ ،
بىراق ، ھەركۈن تۇغۇلۇپ تۇر كۆزۈمدە .
قۇيالماسمەن رۇمكاڭغا مەي ئېھتىمال ،
تۇتالماسمەن گۈلدىنمۇ ھەم بىرەر تال ،
مەن بەختسىز بىر يىگىتنىڭ ئورنىدا .
بېرەلمەسمەن خەقتەك ئېسىل سوۋغىلار ،
بار چەكلەنگەن پەقەت بىرتال مېۋىلا ،
ماقۇل كۆرسەڭ بۇ تەبرىكلەش قوينىدا .

19 . 11 . 1997

# قارا پەرىشتە

بۇ شەھەردە سەن بىر قارا پەرىشتە ،
ئىچ ـ ئىچىڭدىن ئۆزگى بىر نۇر بالقىغان ؛
بىراق ، ئېيتقىن ، سېنى كىممۇ بايقىغان ،
تەئەللۇق دەپ مەندەك بىر ئەر ـ يىگىتكە .
شاھ بولسامتى سىن بېرەتتىم تەختىمگە ،
ئاشۇ قارا كىيىم ، كۆزۈڭ ، چېچىڭدىن ؛
سوراپ باقاي ئەي يۇمران قىز سېنىڭدىن ،
ھۇجۇم قىلدىڭ قاچان مېنىڭ قەلبىمگە .
تۇم قارا رەڭ ـ پەرىشتە رەڭ ئەسلىدە ،
نېسىپ بولغان ماڭا گۇگۇم پەسلىدە ،
بوسۇغامدىن شىۋە قەدىرى ئۆتكەندەك .
سۆيۈۋالغان ئىدىم تىمتاس رەۋىشتە ،
پەرىشتىنى ، پەرىشتىسىز شەھەردە ،
يۈرەك باشقا بىر قۇتۇپقا كۆچكەندەك .

1 . 12 . 1997

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دېكابىر كېچىسى

مۇزلىماقتا ئۈرۈمچى قىش كېچىسى ،
قار ياغماقتا بەك ئالدىراش ، ئۇلغىيىپ ؛
ئۇ كەلمەكتە قار ئىچىدە نۇرلىنىپ ،
ئۈرۈلماقتا يۈرىكىمگە تىنىقى .
تەنلەر مۇزدەك قېتىپ ، ئوتتەك كۆتۈشلەر ،
ئۈرۈمچىنىڭ يىگىتىگە ياراشقان ؛
ئۈرۈمچىنىڭ قىزىغا ھەم ياراشقان ،
شۇ سوغۇقتا يېنىپ چوغدەك سۆيۈشلەر .
ئۈرۈمچىنىڭ دېكابىرى ئۆتۈنۈپ ــ
قالاي ، قالغىن قارلىرىڭدا يوشۇرۇپ ،
يوللىرىڭدا چاقناپ قالغان ئىزلارنى .
قار گۈلگە شۇ قىز دېگەن ئەسلەتمە ،
خۇش بوپ قالاي ، بۇ دۇنيادا كۆرسەتمە ،
كۆزلىرىمگە ئۇندىن باشقا قىزلارنى .

4 . 12 . 1997

# قان يالقۇنى

كۆز قارىچۇقىڭ جۇلالاتسا ئەكسىمنى ،
تومۇرلاردا يېپىلىنجايدۇ قانلىرىم ؛
ئىچ ـ ئىچىگە سىغمىغاندەك جانلىرىم ،
پاچاقلايمەن ساختا نىقاب ـ تەختىمنى .
يۈرىكىڭگە قۇيۇلماقتا يۈرىكىم ،
پىلانىتىم ئوربىتاڭغا ئاقماقتا ؛
يوللىرىڭغا ئوت يالقۇنى چاچماقتا ،
تومۇرلادا كۆيۈۋاتقان ساپ قېنىم .
ئىشەنمەيدۇ خەقلەر كۆيدى قان دېسە ،
قېنىم تۈگۈل ھەتتا تەندە جان دېسە ،
ئۇيالماستىن كۆيۈپ قالغان قىز ئۈچۈن .
دۇچار بولسام ئوخشاش نەپرەت ، ئالقىشقا ،
كىرسەم جەننەت تۈگۈل ھەتتا دوزاخقا ،
تويالماستىن سۆيۈپ قالغان قىز ئۈچۈن .

5 . 12 . 1997

# گۇمان

ئەزۋەيلىدى ئىچ ـ ئىچىمدىن كۆڭدەشلىك ،
سانچىلماقتا يۈرىكىمگە تىكەنلەر ؛
پۈتۈم ئېغىر ، سېلىنغاندەك كىشەنلەر ،
بار دەپ ئۆسمە سەندە يامان سۈپەتلىك .
ئوبرازىڭنى قىلدىم گۇمران ، كۆمپەيكۈم ،
بولغىنىدەك پارە ـ پارە قەدەھلەر ؛
شۇ شەھۋەتلىك رەزىل كۆيلەر ئەۋجىدە ،
تۇغۇلىمەن پاك قەترىدەك مەن چوقۇم .
يەيدۇ تىنماي بۇرنىغا شۇ كۆڭدەشلىك ،
بولغاچ خەقنىڭ ئۆز ئىلكىدە ئەركىنلىك ،
دېمەك ، بۇندا مەن بەختسىز بىر ئىنسان .
بۇزۇلمىسۇن يۈرىكىڭنىڭ پېچېتى ،
ياشاپ قالغىن قىزسىز تويدا قىز پېتى ،
بولغاندىمۇ مەن ھەسسىلەپ دەرگۇمان .

6 . 12 . 1997

# قەرنە

كۈتۈۋالدىم ئوتتۇز ئالتە يېشىمدا ،
شۇ ئون سەككىز يېشىمدىكى قەرنىنى ؛
ئۆز ـ ئۆزۈمگە قىلدىم جازا يۈرۈشى ،
قانلىق بايراق كۆتۈرگەنچە بېشىمدا .
چاقىرالمىدىم بۇندا كاتتا قۇرۇلتاي ،
چۈنكى ، مېنىڭ ئىمپېراتور بولغۇم يوق ؛
بەلكىم ، سۆيگۈ قەسرىدىمۇ ئورنۇم يوق ،
ياشىسامۇ ، بۇ جەڭلەردىن توختىماي .
بىلسەڭ ، قەلبىم سېنىڭ جايىڭ ـ ۋەتىنىڭ ،
يىلتىزىمغا چېگىلگەن ئوق يىلتىزىڭ ،
يەر شارىدا ئېچىلغاندەك بىر قانال .
مېنىڭ ئۈچۈن سەلتەنەتلىك بىر دەۋر ،
باشلانماقتا يېڭى ئىرا ـ بىر ئەسىر ،
قىلغان كۈندىن تارتىپ سېنى مەن قامال .

11 . 12 . 1997

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# چېكىنىشمۇ ياكى بېسىپ كىرىشمۇ . . .

مەن قەلبىڭدىن چېكىنمەكچى تۇيۇقسىز ،
تۇيۇقسىزلا شۇنداق بېسىپ كىرگەندەك ؛
يۈرەكتىكى ئاجراشلارنى سەزگەندەك ،
تۇيۇلماقتا ماڭا روھىم قۇتۇپسىز .
تۇزۇپ قالدى تۇرۇپ گۈللەر بەرگىدىن ،
كەلگىنىدەك يېتىپ ئاڭا شۇم زاۋال ؛
مەن قەلبىڭدىن سۈرگۈن بولۇشتىن ئاۋۋال ،
بولماقچى ھەم سۈرگۈن ئۆزۈم تەرىپىدىن .
مەن قەلبىڭدىن سۈرگۈن بولغان شۇ كېچە ،
بېسىپ كىردىم ئۆتمەي يەنە دەقىقە ،
بۇ قىسمەتمۇ يا ساڭا تەن بېرىشمۇ ؟
جاكارلايمەن : مانا بۈگۈن سۆيگۈدە ـ
ئوخشاش ئازاب ، ئوخشاش تىراگېدىيە ،
چېكىنىشمۇ ياكى بېسىپ كىرىشمۇ .

11 . 12 . 1997

# يارىلانغان قۇش

ئوق تەگكەندە تۇرۇپ مېنىڭ قەلبىمگە ،
ئەخمىقانە قىلىق قىلغان بىر قىزدىن ؛
ئىچىمدىكى جاراھەتلىك شۇ ئىزدىن ،
تېپىپ چىقتى نەپرەتلىرىم تېنىمگە .
قانىماقتا ئەلەم بىلەن يۈرىكىم ،
ھالسىزلاندىم تۈگەشكەندەك ھاياتتا ؛
پەرۋاز بولماس ، كۆچسىزلەنگەن قاناتتا ،
چۈنكى ، بۈگۈن يارىلانغان قۇش ئىدىم .
مەن ئۆرتەندىم زەربىسىدە خورلۇقنىڭ ،
كۆرگىنىمدە بۇندا يوچۇن بىر روھنىڭ ـ
قونغىنىنى كېلىپ ساڭا چىۋىندەك .
سېرىلمەكتە چوققىلاردىن بايرىقىم ،
كۆز يېشىمغا چىلاشماقتا بايرىمىم ،
ئېغىر كەلدى بۇ بىر ئازاب زېمىندەك .

13 . 12 . 1997

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# قىروۋ پەسلى

ئۆششۈك تەگدى گۈللىرىمگە تۇرۇپلا ،
سۆيگۈ تازا ئەۋج ئالغان بىر كۈنى ؛
يەتكىنىدىن گۈلگە ھىجراننىڭ تۈنى ،
قالغان تۈزۈك ئۈن ـ تىنىشسىز قۇرۇپلا .
سەپسەتەڭنى كۆتۈر ۋىجدان تۇغرىلىق ،
تۈتەكلەشتى ئەمدى سۆيگۈ قەسرىم ؛
ياخشىراققۇ بۇزۇلغىنى قەسىمىم ؛
قىلغىنىمدىن يىرىم يولدا ئوغرىلىق .
كەتتى قىزلىق جىلۋىسىمۇ دۇنيانىڭ ،
ئايلىنىپ شۇ ئۆچمەنلىككە خۇمارىڭ ،
جەلبكارلىق كۆزلىرىڭدىن ئۆچكەندە .
سەن تۇزۇۋاتقان قىروۋلارغا كۆمۈلۈپ ،
چىدارسەنمۇ ، گويا ئاجراپ ـ بۆلۈنۈپ ،
ئاسمىنىڭدىن مەن يۇلتۇزدەك كۆچكەندە .

13 . 12 . 1997

# مۇزلاش ئالدىدىكى يۈرەك

دۇچ كەلمەكتە جۇدۇنلارغا ، ئۇزۇندىن ـ
ئىللىق نۇرغا چۆمگەن دالا ـ ئاسمىنىم ؛
كۆزلىرىڭدىن ئۇچتى قۇياش ، ئاپتىپىم ،
ئاجرىغاندەك قۇتۇپىدىن ـ ئوقىدىن .
مۇزلىماقتا قەلبىم ئېغىر زەربىدە ،
مۇزلىماقتا تومۇرلاردا ئىسسىق قان .
مۇزلىماقتا تېنىمدىكى ئوتتەك جان ،
مۇز ئوكيانى چۆككەندەكلا ئىچىمگە .
قارلىق تاغلار مەن ئۈچۈن ياش تۆكۈپ قوي ،
ئەركى دولقۇن يۈرىكىمنى سۆيۈپ قوي ،
قايتىپ كېلەي مەن ئۆزۈمگە قايتىدىن .
يالقۇن بەرگىن كۆك چېقىنى روھىمغا ،
بەرباتلىقنى بەربات قىلاي يولۇمدا ،
باشلىسامۇ سەپىرىمنى قان ـ ياشتىن .

13 . 12 . 1997

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## ئاجرىماقتا

ئاجرىماقتا يۈرىكىمدىن يۈرىكىم ،
ئاجرىماقتا نەپسىمدىن نەپسىم ؛
ئاجرىماقتا ھەۋىسىمدىن ھەۋىسىم ،
ئاجرىماقتا قانلىرىمدىن ھەم قېنىم .
قىزلىقىمدىن ئاجرىماقتا ئەرلىكىم ،
ئاجرىغاندەك يولىدىن بىر سەييارە ؛
بولغاندىمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن مىڭ پارە ،
بۇ ئاجراشقا بار قۇدرىتىم بىر قېتىم .
ئاجرىماقتا گۈللىرىم قات ـ قېتىدىن .
ئاجرىماقتا زېمىنىم قات ـ قېتىدىن ،
ئىككىمىزدە دەھشەت ئاجراش يۈز بەرگەچ .
ئاجرىماقتا گىرەلەشكەن تاغلىرىم ،
ئاجرىماقتا جىنسىيەتلىك ئاڭلىرىم ،
ئاجرىماستىن مۇشتۇم مەھكەم تۈگۈلگەچ .

13 . 12 . 1997

# قىزنىڭ زەربىسى

يۈرىكىمگە تېگىپ كەتتى بىر قامچا ،
قىزنىڭ دەھشەت زەربىسىدىن تۇيۇقسىز ؛
قالغان تۇرسا روھىم ئەجەب بۇلۇتسىز ،
سىرغىپ چۈشتى چانىقىمدىن بىر تامچا .
ئۆكسۈپ قالدى قەلبىم ئېغىر زەربىدە ،
تۇيغۇلىرىم تۇرار چۆچۈپ ـ ئەندىكىپ ؛
چايكىلىرىم ئۇچالماستىن پەر قېقىپ ،
چۆكۈپ كەتتى دېڭىزلىرىم تەكتىگە .
تىترەپ قالغان تۇرسا قىزنىڭ زەربىدىن ،
تىترىمىگەن ناپولېئون ھەر جەڭدىن ،
زەربىسىدە بۇ دۇنيانى تىترەتكەن .
قىزنىڭ ماڭا تەگكەن قامچا ـ تەستىكى ،
ئەسلى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ تەستىقى ،
زەربە بىلەن قۇچاقلىغان ۋە سۆيگەن .

14 . 12 . 1997

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# هالقىش

بىر گۇمان بار كۆزلىرىمنىڭ تېگىدە ،
قارىقىمدىن جەزىبدار قىز ئۆچكەندەك ؛
مەن باغرىڭدىن كۆچتۇم قارلار كۆچكەندەك ؛
ئۆز ــ ئۆزۈمدىن هالقىشلارنىڭ ئىچىدە .
بەك قىينالدىم قايتىيالماي ئۆزۈمگە ،
ئۇرۇنساممۇ ، قىلالماستىن هېچ ئامال ؛
يۈرىكىمنى قىلدى نېمە رام ــ قامال .
هالقىپ كەتتىم تىنماي ، قايتاي دېگەنچە .
كۆزلىرىمدىن ئاققان ئىسسىق تامچىلار ،
ئىنتىلىشنى سۆيەر مۇزدەك ، قامچىلار ،
بىر ئازابلىق بەخت هالقىش ئۆزىدىن .
ئازابلىما ، ئازار يېگەن روهىمنى ،
يۈرىكىڭدىن تاپقىچە هەم ئورنىنى ،
ئويغانغىچە هالقىشلارنىڭ قوينىدىن .

15 . 12 . 1997

# ئۆتۈنۈش

ئۆتۈنۈشنى ئويلاپ قالسام بىراۋغا ،
قان ، يېشىمدا سۆيۈپ قالغان شۇ قىزنى ؛
ئۆچۈرگەندەك يۈركىمدىن بىر ئىزنى ،
كۆمۈلمەن بىر تۈپ گۈلدەك قىروۋغا .
بولغاندىمۇ يوللۇق ئۈنى ئۆتۈنۈش ،
تۈيۈلماقتا ماڭا ئېغىر زەربىدەك ؛
تىترىمەكتە روھىم جانسىز بەرگىدەك ،
قاپلاپ مېنى چەكسىز خورلۇق ـ ئۆكۈنۈش .
قالغاندىمۇ بۇندا ئېغىر ئەلەمدە ،
مەغرۇرلۇقىم بەربات بولۇپ قەدەمدە ،
ئۆتۈنىمەن ئۈنى جەزمەن بىرسىگە .
ئۇ يۈزلىنىپ كەچۈرمىشكە ئازابلىق ،
ئىلاجسىز تېپىپ شادلىق ـ ئاراملىق ،
ئېرىشدۇ قۇرۇق ، قارا بەختىگە .

16 . 1 . 1998

www.uyghurkitap.com

# ئوغرىلانغان ئەقىدە

رەڭ بەرگەنتىم قىزلىقىڭغا بىر مەھەل ،
ئەرلىكىمنىڭ قۇياشىدا تاۋلانغان ؛
بىراق ، قاچان ساڭا شۇنداق ئالدانغان ،
ساختىپەزلىك قەلب ئۈچۈن بىر ئەجەل .
غۇلىماقتا قورغانلىرىم سىپىلسىز ،
چۈشمەكتىمەن قورشاۋلارسىز قاماققا ؛
بۇ بىر يۈرەك ھادىسىسى ھاياتتا ،
ئەقىدىلەر ئوغرىلانغان رىتسىپسىز .
سۆيۈش دىگەن نەتىجىسى ھېسلارنىڭ ،
سەندەك بولسا ھەممىسلا قىزلارنىڭ ،
تۈپتىن رازى قالغاندىمۇ مەن قىزسىز .
ئۆتتۈلدۇ قەدرىم ھامان بىر كۈيى ،
ئايلانغاندا ئوتقا مۇھەببەت كۆلى ،
قالمىساڭلا بۇ جاھاندا يىگىتسىز .

17 . 1 . 1997

# تۈيغۇمدىكى چۆچۈشلەر

چۆچۈپ كەتسە بىر قۇش جىمجىت ئۈۋىدا ،
بېسىپ كىرىپ خىيالىغا تەشۋىشلەر ؛
چۈشۈپ ئەسكە شۇئان گۇمان ، رەنجىشلەر ،
چۆچۈپ كەتتى يۈرىكىم ئۆز قېپىدا .
چۆچۈپ كەتسە بىر تۈپ گىياھ سىلكىنىپ ،
سۆيگەندەكلا مۇزدەك قەترە روھىنى ؛
يوقاتقاندەك ھېسلار ئەسلى ئورنىنى ،
كەتتى جىسمىم ھەسەت بىلەن تىلغىنىپ .
شۇ گۇمانلىق سۆيۈشلەردە قەدەمدە ،
پاكلىنىشنى ئويلاپ قالسام قەسەمدە ،
چۆچۈپ كەتتى تومۇرۇمدا قانلىرىم .
چۆچۈپ تۇرار ھەممە نەرسە ئەندىكىپ ،
ۋەھىمىلىك تۇيغۇلارغا دۇچ كېلىپ ،
چۆچۈپ كەتكەچ مۇھەببەتلىك ئاڭلىرىم .

22 . 1 . 1998

www.uyghurkitap.com

# يانۋاردىكى قارلىغاچ

قارلىغاچلار توزۇپ كەتكەن شەھەردە ،
پەيدا بولۇپ قالدى بىر تال قارلىغاچ ؛
ھەممە ياقنى ئاپئاق قارلار قاپلىغاچ ،
قونۇشنى بىلەلمەيتتى قەيەرگە .
بىراق ، قوندى كۆزلىرىمگە ئاشۇ دەم ،
ئوغرىلىقچە سالدى ئۇۋا قەلبىمگە ؛
كۆلەڭگىلەر تاشلىغاندەك بەختىمگە ،
سۆيۈپ كەلدى ۋەسۋەسىدە خاتىرجەم .
مېنىڭ ئۇچۇن ئامەتمۇ بۇ يا ئاپەت ،
بۇ قىسمەتمۇ ۋە ياكى بىر كارامەت ،
يانۋاردىكى قارلىغىچى شەھەرنىڭ .
ئىگىسى ئۇ بەڭۋاشلىقتا تاشلانغان ،
بۇ دۇنيادا قان ــ ياش بىلەن باشلانغان ،
قەلبىمدىكى ئاياغلاشماس سەپەرنىڭ .

8 . 2 . 1998

# خۇپپيانه بايرام

خۇپپيانه سىتىۋالدىم گۈل ، شاراب ،
خۇپپيانه سىتىۋالدىم بىر تال شام ؛
خۇپپيانه بايرام بولغاچ بۇ ئاخشام ،
خۇپپيانه تۇيغۇ بارماقتا تاراپ .
يانماقتا شام تامچىپ ـ تامچىپ پىلىلداپ ،
خۇپپيانه ئۆن ـ تىنۋىشسىز رەۋىشتە ؛
سەن بىلەن مەن شۇ تاپ گويا ئەرشتە ،
قەدەھتە مەي جۇلالايدۇ ۋىلىلداپ .
خۇپپيانه تەبرىكلەندى شۇ جايدا ،
خۇپپيانه سىمۋوللۇق مەزمۇندا ،
خۇپپيانه سۆيگۈمىزنىڭ بايرىمى .
خۇپپيانه ھىسلار قوزغاپ يۈرەكتە ،
خۇپپيانه تاشقىنلار ھەر تەرەپكە ،
خۇپپيانه سۆيۈشلەرنىڭ شادلىقى .

14 . 2 . 1998

# ئىككىنچى چېقىن

ئۆتكەن چاغدا يۈرەك كۈچلۈك نۇر سېپىپ ،
روھىڭدىكى قاپقاراڭغۇ تونىلدىن ؛
غالىبلارچە چېكىندىڭ بۇ دۇئېلدىن ،
كۆزلىرىمگە ئۇلجىسمان ئىلىنىپ .
تۇيغۇلىرىم يىلتىز تارتتى تېنىڭگە ،
باغرىڭدىكى قورام تاشلار قوينىدىن ؛
قوزغالغاندەك ھەممە نەرسە ئورنىدىن ،
پەيدا بولدى دەھشەتلىك بىر زىلزىلە .
پارلاپ چىقتىڭ ۋۇجۇدىڭدىن قايتىدىن ،
خۇددى تۇغما ياشىغاندەك ئانىدىن ،
تۇنجى قېتىم مۇھەببەتنىڭ گېپىدىن .
دەيمەن ساڭا : بولسۇن ھامان ئېسىڭدە ،
مەيلى شادلىق ، مەيلى يا كۆز يېشىڭدە ،
ئايرىلمىغىن بىر يىگىتنىڭ قېنىدىن .

16 . 3 . 1998

# پارلاق تىرىلىش

تىرىلمىدىم بىر قېتىممۇ تەڭرىدىن ،
تىرىلمىدىم ياكى تۇپراق ، گىياھتىن ؛
تىرىلمىدىم يا يېقىن يا يىراقتىن ،
تىرىلمىدىم يا تىكەن يا بەرگىدىن .
تىرىلىشنىڭ تازا ۋاقتى ـ ئەۋجىدە ،
مەن تىرىلدىم پەقەت روھىم كۆزىدىن ؛
تىرىلگەندەك ھەممە نەرسە ئۆزىدىن ،
ئۆز ئۆزىگە يۈزلىنىشنىڭ پەيتىدە .
مەن تىرىلدىم ئاچچىق ئەلەم ـ كەچمىشتىن ،
سۆيگۈدىكى چەكسىز گۇمان ـ تەشۋىشتىن ،
يۈز بەرگەندەك تالان ـ تاراج ، قىرىلىش .
تىرىلمىدىم شادلىق ، كۈلكە كۆكسىدىن ،
تىرىلدىم شۇ قان ـ ياش بىلەن سۆيۈشتىن ،
مانا بۇ بىر چەكسىز پارلاق تىرىلىش .

16 . 3 . 1998

## ئۈرۈمچىنىڭ بىر قىزى

مەن ئۆزۈمگە كەلدىم دەھشەت سوقۇلۇپ ،
سوقۇلغاندىن بېرى ئۇنىڭ قەلبىگە ؛
ھۇجۇم قوزغاپ مەن ئۆزۈمنىڭ تەختىگە ،
گۇمران بولدۇم تەلتۆكۈسلا يوقىلىپ .
ئۆتۈشمەكتە قانىلىدا تۇيغۇنىڭ ،
ئېرسىيەتلىك ھادىسىلەر كېسىشىپ ؛
پەيدا قىلىپ چۆكمە ـ لاتقا قېتىشىپ ،
يوقاتماقتا قىممىتىنى سۆيگۈنىڭ .
رەزىللىككە پاتقان مۇشۇ دوقمۇشتا ،
لەنەت نۇرى چاقناپ تۇرغان بوشلۇقتا ،
كۆكلىمەكتە بىر پاك روھنىڭ يىلتىزى .
بىلەلىدى قىممىتىنى ئۆزىنىڭ ،
قۇدرىتىنى ھەمدە بىر جۈپ كۆزىنىڭ ،
مەن بىلەنلا ئۈرۈمچىنىڭ بىر قىزى .

16 . 3 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىتلىك پەسلى

كەلمىسمۇ مەيلى سىنىڭ ھەۋىسلىڭ ،
شۇ قەھرىلىك بىر جۇپ ئوتلۇق كۆزۈمگە ؛
بىراق ، ھەۋەس بىلەن ياشا ئۆزۈڭگە ،
بۇ جاھاندا قۇرۇق قالماس جەسىتىڭ .
يوق دۇنيادا بۇنداق قالتىس بىر يۈرەك ،
سۆيەلىگەن دەرد ـ ئازابنى يەتكىچە ؛
كۆكسىدىكى جاھىل يارا ئەكسىچە ـ
چېچەكلىگەن ـ ئاچالىغان گۈل ، پورەك .
ياراشقىنى بۇندا ماڭا بوي ئەمەس ،
يا بىرسىنى سۆيۈشتىكى ئوي ئەمەس ،
ماڭا ئەسلى ئەرلىك روھى ياراشقان .
سۆيەي دېسەم شۇڭا ئەرلىك قېنىمدا ،
تاشقىنلىغان ، غالجىرلاشقان ئېڭىمدا ،
بىراق ، قىزلار ماڭا غەيرىي قاراشقان .

17 . 3 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بۇ دېگەن مۇھەببەت

بىلەلمىدىم ، كىمنىڭ قەلبى چېقىلغان ،
قار ياغماقتا شىددەت بىلەن جۇدۇنلاپ ؛
مۇزلىماقتا تېنىم تىترەپ ــ جۇغۇلداپ ،
ئۇلغايماقتا قار توزۇتقان شىۋىرغان .
مۇزلاپ قالدى ئۇدۇلدىكى دوقمۇشتا ،
خېبىردارسىز قالغان تېلېفون بوتكىسى ؛
چېقىلمىغاچ ئۇندا شاراب رومكىسى ،
مۇزلاپ قالدى بىر گۈزەل روھ بوشلۇقتا .
تاشلىماقتا كۆمۈپ ئۈستى ــ بېشىمنى ،
مۇزدەك يەرگە چۈشكەن ئىسسىق يېشىمنى ،
مارت ئېيىدا ئورۇمچىدە شىۋىرغان .
بۇ دېگەن بىر چەكسىز سۆيۈش ــ مۇھەببەت ،
يوقاتقاچقا خۇدىنى شۇ ئەر پەقەت ،
سەييارىدەك ئوربىتادىن ئېزىققان .

17 . 3 . 1998

# تەتۈر بايان

مەن بىر قىيان تاشالمىغان ئۆزۈمدىن ،
تۈرغان پەقەت ئۆز ئورنىدا كۈۋەجەپ ؛
خىياللىرىم ئۆكسۈپ ــ ئۆكسۈپ ئىبسەدەپ ،
بولالمىغان نېرى مىسكىن كۈيۈمدىن .
مەن بىر يالقۇن ــ پەقەت يالقۇن ئورنىدا ،
تەشنالىقتا ئۆز ئۆزۈمنى كۆيدۈرگەن ؛
بولسام ئىدى مەن بىرسىنى سۆيدۈرگەن ،
قايتالايتتىم شۇئان ئۆزۈم قوينىغا .
مەن تەنها قۇش ئۆز ئۆزۈمگە سىغمىغان ،
پەرۋازىدا ئۆز روھىنى قىينىغان ،
كۆزلىرىدىن قۇرىمىغان ياش يۇقى .
مەن بىر تال گۈل سوراپ قالساڭ ئەگەردە ،
كۆكلەپ قالغان بىر ناتونۇش قەلبتە ،
ماس كەلمىگەن تۇپراقلارغا ئۇرۇقى .

18 . 3 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سۈرتمە ھەرگىز يېشىگنى

سۈرتمە ھەرگىز كۆزۈڭدىكى ياشلارنى ،
چۈمسۈن زەردەك قەتىرلەرگە بۇ دۇنيا ؛
چۈمسۈن ھەتتا بۇندا قۇياش ، نۇر ــ زىيا ،
ئۇ ئېقىتسۇن باغرىمدىكى تاشلارنى .
كۆزلىرىمگە ئۇچۇپ كەلدى بۇلاقلار ،
كۆكسىڭدىكى تاشقىن بۇلاق سىياقى ؛
بىلەلمىدىم قايسى شۇملۇق ئىلاھى ،
ئۇلاپ قويدى شاخلىرىمغا پۇتاقلار .
كۆك يىغلىسا سۇ باسىدۇ زېمىننى ،
ئالدى قورشاپ ۋەھىمىلەر تېنىمنى ،
ئاڭلاپ بۇندا كۆز ياش دېگەن بەك يامان .
قورقۇپ ئاشۇ بىغۇبار ــ پاك يېشىڭدىن ،
خىيالىمدا ئۆتتۈندۈم كۆپ سېنىڭدىن ،
نەدە بولساڭ ، بۇ دۇنيادا بول ئامان .

18 . 3 . 1998

# تۇنجۇقتان ھېسلار

داۋام قىلىپ بارار سۆيگۈ سەپىرىم ،
گاھ بوستانلىق ، گاھ جەزىرە ئىچىدە ؛
گاھ بۇلۇتلۇق ، گاھ يۇلتۇزلۇق كېچىدە ،
يول ئىزلەيدۇ مۇشەققەتتە تەلپىم .
مەنسۇپ ئەمەس مەن ئۆزۈمگە بىر دەۋر ،
مۇزلاپ قالغان ماڭا تەۋە ھۇجرىلار ؛
تومۇرلادا قانلىق ئىستەك ئويىغىتار ،
ئەلڭ ئاخىرقى باياۋاندا بىر قەسىر .
مەن تۇگىمەس ئازابلارغا گىرىپتار ـ
بولۇپ ، ئۈمىد خىرەلەشكەن مىنۇتلار ،
ياشاپ كەلدىم دەردكە قات ـ قات بوغۇلۇپ .
تۆكۈلگەندە يول ـ يوللارغا يۈرىكىم ،
كۆتۈرگەندە ئېغىر ئىسيان ئۆلۈمىم ،
سىڭىپ كەتتىم ئۆز ئۆزۈمگە تۇنجۇقۇپ .

19 . 3 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىزىلىق جىلۋىسى

تەنلىرىڭدىن مەسۇملۇكىنىڭ قاچقاندا،
ئاپىرىدە بولدى شۇئان سىنىڭدە؛
ئىپتىدائىي قەدىم تۇيغۇ ـ جىلۋىلەر،
ئىشق نۇرى، جامالىڭغا تامغاندا.
شۇ ئۆزگىچە خۇلقۇڭ قىلار نامايان،
كۆلكىسىنى يىراقتىكى جەننەتنىڭ؛
يىغىندىسى كۆرمىڭ ئازاب ـ ھەسرەتنىڭ،
شۇ بىلىقتەك ئۆزۈشلىرىڭ ھەرقاچان.
قىيامىغا يەتكەن گۆزەل لاتاپەت،
ئۆرلەپ چىقتى چىرايىڭغا ئاپتاپتەك،
پەيدا قىلىپ بىر جەلبكار قۇدرەتنى.
مەيلى بەربات بولسا بولسۇن ئېتىقاد،
مەيلى قالسام قورشاۋلاردا قاتمۇ ـ قات،
خاراب قىلما مۇھەببەتتە كۆلپەتنى.

19 . 3 . 1998

# قۇرغاق سۆيگۈ

مەن بىر دەريا تاشقان پەقەت ئۆزۈمگە ،
مەن بىر ئارسلان ئۆز ئۆزىنى تالىغان ؛
مەن بىر مەھبۇس ئۆز ئۆزىنى قامىغان ،
مەن بىر ئوغرى كىرگەن شۇ ئۆز ئۆيۈمگە .
زېمىن خاراب بولغىنىدەك زېمىندە ،
قۇرغاقلىشىپ بارار ئېگىم ئېگىمدا ؛
ياتلاشماقتا ھەممە نەرسە يېنىمدا ،
يوقالغاندەك بارچە شەيئى ئۆزىدە .
نابۇت بولماس تەشنالىقتا ئىنتىلىش ،
بىر جان ئۈچۈن جان ئۈپرىتىپ قىزغىنىش ،
يوقالمىسا روھلار ئەرلىك بىسىدە .
تىكلىنىدۇ سۆيۈلگۈچى نوپۇزى ،
بولسا يۈكسەك سۆيگۈچىنىڭ غۇرۇرى ،
بۇ ھەقىقەت بارمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە .

20 . 3 . 1998

www.uyghurkitap.com

# مەڭگۈلۈك كۈتۈش

بىلسەڭ ، نامسىز بىر يۈرەكنىڭ تېگىگە ـ
مېنىڭ دانلىق ئۇرۇقلىرىم كۆمۈلگەن ؛
بۇندا قېنىم قانلار بىلەن سۆيۈلگەن ،
بىخ ئۇرغان ھەم ئۆزۈم ئۇنىڭ تېنىدە .
سۆيگەندىمۇ ئۇنى شۇنداق تەلپۈنۈپ ،
بولالماسمەن شۇ يىگىتنىڭ ئورنىدا ؛
ياتالماسمەن ئاپئاق تۆشەك قوينىدا ،
ئىللىق باھار تىنىقىدا يەلپۈنۈپ .
قارشىلىشىش ـ چەتكە قېقىش مۇجەسسەم ،
چۈنكى ، مەۋجۇت يۈرىكىمدە ئاشۇدەم ،
بولغاچ خالىي ۋە يوشۇرۇن بۇ سۆيۈش .
بىنا قىلىپ پىنھان جايدا بىر قەلئە ،
ئېتىقاد ۋە روھ جېڭىدىن شۇ يەردە ،
داۋام قىلار ئۇزاققىچە بۇ كۈتۈش .

20 . 3 . 1998

# بۆھران مەزگىلى

پەيدا بولدى ئېغىر بۆھران ـ كرىزىس ،
ياپپاش تۇرۇپ ئەجەب مېنىڭ قەلبىمدە ؛
بۇ ھاياتتا ـ سەھەردەك بىر پەسلىمدە ،
ياشاپ قالدىم ئۆز ئۆزۈمگە قىپ خىرىس .
كەمسىتىلىش ھەمدە كۆزگە ئىلماسلىق ،
ئوخچۇپ تۇرغان قېنىم ئۈچۈن بىر ئۆلۈم ؛
ئۆتسە سۆيۈپ بىر قەترىدە بىر كۈنۈم ،
سۈرەلمەيتتى بۇندا دەۋران تىمتاسلىق .
سىڭىپ بارار بىر تامچە نۇر گۇگۇمدا ،
بېرەلمىگەن كەبى بەرداش ھۇجۇمدا ،
يۈز بەرمەيدۇ بۆھران كۆرگەن يۈرەكتە .
ئىللىپ قالسا قارلىق تاغلار قايتىدىن ،
تېپىپ چەكسىز بىر ھارارەت ئاستىدىن ،
يېنىكلەيتتى بۆھرانلارمۇ يۈرەكتە .

21 . 3 . 1998

www.uyghurkitap.com

# يىراقتىكى يەلكەن

يوق ھاجىتى ماڭا گۈلگۈن شارابىنىڭ ،
چۈنكى ، لېۋىڭ گۈلگۈن شاراب ئورنىدا ؛
خىياللىرىم خىياللىرىڭ بويىدا ،
سۈرۈپ كەلدى لەززىتىنى ھاياتىنىڭ .
قالار بىراق ، قىزغىنلىقىم سېلىكىپ ،
چۆكەر سۇغا چەت ـ يىراقتا يەلكىنىم ؛
توختاپ قالار بىر يەرلەردە سەلكىنىم ،
ئېرىشكەچكە ساڭا بۇندا كېچىكىپ .
سىرغىغاندەك ئەزرائىلنىڭ قولىغا ،
بىر تال ياپراق ۋاپاسىزلىق ئورنىدا ،
ياشىمىدىم بىر مىنۇتمۇ خاتىرجەم .
مۇھەببەتتە سۆيۈش بىلەن خۇرسىنىش ،
كېتىدىكەن ئارىلىشىپ ـ سىڭىشىپ ،
بۇرۇنمۇ شۇ ، كەلگۈسىمۇ ، ھازىر ھەم .

21 . 3 . 1998

# ئاقىۋەت

سۆيگۈ بويلاپ ئۇچقان خىيال كەپتىرىم ،
قاق سەھەردە چۈشۈپ قالدى توزاققا ؛
ئۇچۇشلىرى داۋام قىلماي ئۇزاققا ،
يىپ ئۆزگەندەك كۆك قەرىدە لەگلىكىم .
مېنى كۈتكەن شۇ بەختسىز مۇھەببەت ،
ئوق بولساڭمۇ يۈرىكىمدىن ئېتىلما ؛
نۇر بولساڭمۇ يانغىنىمدا چېقىلما ،
ھىجران چۆلى ئارامگاھىم بۇ نۆۋەت .
سۆيگۈ كۈيۈم بەربات بولدى قامالسىز ،
تەكرارلارنىغان ساختىلىقتىن ئامالسىز ،
ئىشەنمىسەڭ ، بار كۆزۈمدە تەسۋىرى .
يېگىلىنىپ بارالمىغان كۆيۈشىنىڭ ،
ئۆز پېتىچە ساقلانمىغان سۆيۈشىنىڭ ،
شۇنداق بولار ئاقىۋىتى ـ تەقدىرى .

22 . 3 . 1998

www.uyghurkitap.com

# تەڭرىنىڭ سوۋغىتى

رەقىبلەشتىم بەكمۇ بالدۇر ھاياتقا ،
مېنىڭ روھىم قارشىلىققا ئۆگەنگەن ؛
نىجىس خۇيلار ھەر تەرەپتە يۇگۇرگەن ،
سۇركەلمەكتە بىر جۇپ مەغرۇر قاناتقا .
چاڭ سالغاندا ئۆزگىلەرنىڭ رىزقىغا ،
ئايلىنىسەن دۇشمىنىگە سەن پەقەت ؛
دېمەك ، سېنى تارتىۋالغاچ مەن ئەبەت ،
دۇچ كەلدىم ھەم بۇندا قات ـ قات خىرىسقا .
سۆيگەچ سېنى كۆز ئالدىدا تەپتارتماي
ئۆز يولۇمدا سۇدەك ياۋاش ـ تىنچ ئاقماي ،
تاشتى ماڭا بىر ئۆمۈرلۈك غەزىپى .
بوپ قالىمەن بەك تېز ھۇجۇم ئوبيېكتى ،
بۇ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى ـ سوۋغىتى ،
دېمەك ، ماڭا بايرام رەقىب ئەلىمى .

22 . 3 . 1998

# توزىغان گۈل

يۈز بەرگەندە يۈرىكىڭدە بۆلۈنۈش ،
ئۆز كۆچىدىن قالدى ئىشەنچ ـ قەسىمىڭ ؛
ئىختىيارسىز ئېغىرلاشتى قەدىمىڭ ،
بەك ھار كەلدى يۈرىكىمگە بۇ سۆيۈش .
بوران ئۇچۇپ تۇرار سۇلغۇن روھىمدىن ،
ماكانىدەك جەزىرە ۋە باياۋان ؛
جىلۋىسىنى يوقاتماقتا كۆك ئاسمان ،
مېنىڭ مىسكىن رەڭ تامچىغان تۇرقۇمدىن .
نەچچە ۋاقتىن ماڭا ئوچۇق جەننىتىڭ ،
بىر ماڭىلا نېسىپ بولغان ھىممىتىڭ ،
مانا بۈگۈن ئاستا ـ ئاستا تاقالدى .
ئوبرازىڭنى قارا قىلغان يارقىنلىق ،
ھېس قىلماقتا تۇرۇپ ئەمدى ھارغىنلىق ،
ئەرك تۇيغۇلار ئىچ ـ ئىچىمگە قامالدى .

23 . 3 . 1998

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

# ماڭا چۈشكەن چاقماقلار

بۇلۇتلاردىن قاڭقىپ كەتكەن بىر چاقماق ،
ئايلاندۇردى كۈلگە بىر تۈپ دەرەخنى ؛
ئايلاندۇردى كۈلگە پەقەت بىر ئەرنى ،
چاقماق سۈپەت چېقىلغان شۇ بىر قىزچاق .
ئىنتىلىشلەر يىلتىز تارتىپ يولىغا ،
قۇرۇپ قالدى بىخ سۇرمەستىن تېۋىشىسىز ؛
ھەممە ئۈچۈن ئورتاق بولغان چېگىشىسىز ،
چۈشكەندەك جان ئەزرائىلىنىڭ قولىغا .
مەن ئۈچراتقان ، مەن يولۇققان قىزچاقلار ،
بۇ دۇنيادا ماڭا چۈشكەن چاقماقلار ،
يالقۇنىدا كۈللىرىمنى توزۇتقان .
ھىجران تاشلاپ تەلپۈنۈشلەر ئورنىغا ،
شۇ بىپايان دېڭىزنىڭ قوينىدا ،
تەشنالىقتا كۆللىرىمنى قۇرۇتقان .

23 . 3 . 1998

# ئەقىللىق هاماقەت

ئورمانلاردا ، قاپتاللاردا ئاشۇ دەم ،
تۈنىگەندەك قاراڭغۇ تۈن بەرق ئۇرۇپ ؛
گاھ ساھىلغا ، گاھ دولقۇنغا غەرق بولۇپ ،
لەيلەپ يۈرەر مېنىڭ سۇرگۈن كۆلەڭگەم .
سەزگەنىدىم سۆيۈپ ئۇنى بەرگىدىن ،
كەتكەندەكلا مەن ئازابتىن بوپ خالاس ؛
قالدىم بىراق ، يولۇققىلى تاس ـ تاماس ،
ئەزرائىلغا ئۇنىڭ خۇيى ـ دەردىدىن .
كېرەكمىدۇر ئەمدى مېنىڭ يۈرىكىم ،
بىرەر قىزغا تىرىكىم يا ئۆلۈكىم ،
يارالغاندەك بىرەر قىسمەت ـ كارامەت .
بەربات بولدى ئالتۇن رەڭلىك ئەقىدە ،
ساختىپەزلىك يالتىلغان سۆيگۈدە ،
بىلەلمەستىن ئۇ ئەقىللىق هاماقەت .

24 . 3 . 1998

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# ئىككى خىل مىجەز

باللارچە ئوماقلىق ۋە نازۇكلۇق ،
رەڭ بەرگەندەك بىر جۇلالىق ھۆسنىگە ؛
رەڭ بەرگەنتى ئەرلىكىمگە ــ بەستىمگە ،
مېنىڭدىكى تەلۋە مىجەز ، غالجىر روھ .
مىجەز دېگەن قىز دېگەننىڭ بايلىقى ،
ئەر كۆزىدە مۆجىزىلەر ياراتقان ؛
بۇ دۇنيانى ئۆز ئىلكىگە قاراتقان ،
قۇدرىتىدىن كەلگەن ئۇچۇر يارلىقى .
ئوخشاش نەرسە سىغىشالماس ھېچقاچان ،
شۇ ۋەجىدىن بىز ئىككىمىز چىقىشقان ،
مىجەزىمدىن شۇڭا ھەرگىز ۋايسىما .
ياراشقاندەك سۇ ھۆسنىگە بېلىقلار ،
ياراشقان زەپ ساڭا ئاشۇ قىلىقلار ،
قاقشاتساڭمۇ ، شۇ مىجەزدىن ئايرىلما .

24 . 3 . 1998

# پەرقلىق سۆيۈش

داۋام قىلدىڭ پەرۋاسىز ئۆز يولۇڭنى ،
كۆز يېشىمنى يېغىۋاتقان يامغۇر دەپ ؛
يوللىرىڭدا قاتقان قېلىن قار ــ مۇز دەپ ،
سېغىنىشتا مۇزلاپ قالغان كۆڭلۈمنى .
كەلدىم هامان ئىزلىرىڭنى قوغلىشىپ ،
قوغلاشقاندەك مەيخور هامان شارابنى ؛
تېگىشىپ مەن گۇناهلارغا ساۋابنى ،
ياشاپ كەلدىم خىيالىمدا تويلىشىپ .
مۇهەببەتكە قارنى ــ كۆكسى تويمىغان ،
بىر ئۆمۈر تا ئۆزۈم ئىچىپ قانمىغان ،
مېنىڭ سۆيگۈم ئېچىرقىغان بىر دېڭىز .
سۆيۈلمىسەم دەيمەن ئاددىي ، پەرقىم شۇ ،
جەلپ قىلغان ئۆزگىلەرنى نەرقىم شۇ ،
ماڭا سەزگۈ پەشتاقلىرى بەك ئېگىز .

25 . 3 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مۇھەببەتكە قويۇلغان چېكىت

كۈچەيگەندە سۆيگۈ ئېڭىم تېخىمۇ ،
يۈزلەنمەكتە بوھرانلارغا چۆككىلى ؛
دەردكە توشۇق يۈرىكىمنى تۆككىلى ،
بوپ قاپتىكەن بۇندا شېئىر ھېلىمۇ .
كىتاب يازغان تۇرۇپ ساڭا بېغىشلاپ ،
ئالالمىدىم تىلغا پەقەت ئىسمىڭنى ؛
ماڭا تونۇش بىرەر يېرىڭ ـ قىسمىڭنى ،
يازالمىدىم ، يازاي دەپمۇ يېنىشلاپ .
بىز ئۇچراشقان كېچىلەرنىڭ باغرىغا ،
شۇ ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىغا ،
قويۇپ قويدۇم يازالمىغاچ كۆپ چېكىت .
مۇھەببەتتە كۆپ چېكىتكە ئايلىنىش ،
مەڭگۈ پىنھان سۆيۈشلەرگە قامىلىش ،
بەختمۇ يا بەختسىزلىك ؟ ھەي ئىسىت !

25 . 3 . 1998

# يەنە ئۈنىڭغا بېغىشلاپ

قىز دۇنياسى يېلىنجاتقان بىر سېزىم ،
چېقىن تاشلاپ ئۆتتى دەھشەت قەلبىمگە ؛
ئەرلىكىمنىڭ قىران ۋاقتى ـ دەۋرىمدە ،
يۈز بەرگەچكە ئېغىر چاكىقاش بىر قېتىم .
تىنجىمايدۇ ئۆز قېپىدا مۇھەببەت ،
ئۇرۇپ تۇرغان قۇشنەك سىرتقا ئۆزىنى ؛
ياكى ئۇرغان كەبى تاغقا نۇرىنى ،
گۈگۈم پەسلى كەچكى قۇياش ھەسسىلەپ .
سۆيەلمەسمەن بۇ دۇنيانىڭ قوينىدا ،
ئىككىنچى بىر قىزنى ئۇنىڭ ئورنىدا ،
مەن بىر ھەغدا ۋىجدانىمغا ھەغداسىز .
سۆيگەن بولسام مۇبادا مەن بىراۋنى ،
سۆيگەندىمەن سۆيگەندەكلا ھاۋانى ،
خۇددى جىمجىت ، ئىختىيارسىز ـ پەرۋاسىز .

26 . 3 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تۇزىماس گۈل

قۇرۇپ قاپتۇ بىر چىرايلىق ئەتىرگۈل ،
قېلىن كىتاب ئارىسىدا ئۆز يېتى ؛
تارالغاندەك گۈپپىدە شۇ خۇش ھىدى ،
مەست بولماقتا خىياللىرىم مەن تۈگۈل .
بىزگە چۈشكەن بېشارەت ـ پال ئۇ گويا ،
بىر مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ قولىدىن ؛
بۇ ھاياتنىڭ ئەگرى ـ توقاي يولىدىن ،
رىزقىمىزنى باغلىغان ھەم ئۆزئارا .
قايسى قىزنىڭ تەقدىرىگە پال چۈشسە ،
قايسى يىگىت تەبىر بەرسە ۋە سۆيسە ،
گالۋاڭ شەھەر سېزەلمەيدۇ كېچىدە .
قۇرۇپ قالغان گۈلدە سۆيگۈ قۇرىماس ،
كۆكۈل بىلەن كۆكۈل مەڭگۈ تۇزىماس ،
مۇھەببەتنىڭ سىرتىدا ۋە ئىچىدە .

26 . 3 . 1998

# مەخپىي رىتسىپ

باسما ھەرگىز مىنىڭ باسقان يولۇمنى ،
تارتما ھەرگىز مەن تارتقان شۇ كۆلپەتنى ؛
تاپقاندىمۇ مەندىن ئارتۇق ئۆلپەتنى ،
تاپالمايسەن ھېچقايسىدىن خۇيۇمنى .
چىدىساڭلا ، بوپتۇ مىنى دوراپ باق ،
لازىم بولسا ساڭا مەخپىي بىر رىتسىپ ؛
قالغان چاغدا كۆز ياشلىرىڭ سىلىكىپ ،
ئاۋۇ قىزدىن يۈرىكىڭنى سوراپ باق .
ئۇچرىتىسەن بىر يۈرەكنىڭ قېتىدا ،
مۇھەببەتنى پىنھان رىتسىپ ئورنىدا ،
بۇ گۈزنگىچە سىر ئورنىدا ساقلانغان .
كۆرەلمەيسەن شۇ چاغدىلا تېنىڭنى ،
تومۇرۇڭدا ئوخچۇپ تۇرغان قېنىڭنى ،
بىر يۈرەكنىڭ سۆيى بىلەن پاكلانغان .

27 . 3 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# تىمتاس ئىسيان

ھۆكۈم سۈرەر ئېغىر جىمىلىق بۇ مەھەل ،
دەريالاردا كۈۋەجىگەن تاشقىن يوق ؛
ئاسماندىمۇ سۈركىلىش ھەم يانغىن يوق ،
يەتكىنىدەك بىر يۈرەككە شۇم ئەجەل .
تورۇپ كەتكەچ قۇش تۈركۈمى قوينىدىن ،
يالىڭاچ بوپ قاپتۇ ئورمان بىچارە ؛
بىر گۈزەل روھ بۇ دۇنيادا يېگانە ،
رەت قىلماقتا مەيۈسلۈكنى تۇرقىدىن .
چۈنكى ، ئىنسان راست گەپ قىلسا ــ سۆزلىسە ،
ئۆز تېنىنى ئابىدە قىپ تىكلىسە ،
بۇ ئەخمەقلەر دەۋران سۈرۈپ كۈلۈشەر .
سەن ئۆزۈڭنى چۈشىنىشكە باشلىساڭ ،
سۆيگۈڭدىن ھەريانغا جۇلا تاشلىساڭ ،
ھەسەتخورلار شەرتنامىلەر تۈزۈشەر .

28 . 3 . 1998

# تاللاش

ھەر ئادەمنىڭ ئۆز كەچمىشى بولىدۇ ،
قۇياش ئۇچۇن بولۇت كەچمىش ـ ئەسلىمە ؛
مەيلى مەندىن رەنجىگىن يا رەنجىمە ،
ھەربىر ئادەم ئۆز قەلبىنى قۇرىدۇ .
ئىشەنسەڭلار ، مەن دۇچ كەلگەن سەرگۈزەشت ،
كېلەر ھامان ئۆزۈمگىلا مۇناسىپ ؛
خەق بىلەن مەن شۇڭا تەتۈر تاناسىپ ،
ياشاپ كەلدىم ھەر دەقىقە شۇ سەۋەب .
يول تاللايدۇ ھامان ئەقىل ئىگىسى ،
ئۆز يولىدا كۈندۈزى ھەم كېچىسى ،
تاللىغاندەك گۈلنى گۈلدىن خېرىدار .
تاللىمىسا خەقلەر ماڭا بەرىبىر ،
مەن تاللايمەن لېكىن بۇندا بىر ئۆمۈر ،
سۆيگۈلەردىن سۆيگۈ مەڭگۈ جىلۋىدار .

28 . 3 . 1998

# قارلىغاچ تۇمانلىرى

ئۆچكىنىدە زېمىندىن قىش پەردازى ،
قاپلىغاندا كۆكنى قىزغۇچ چاڭ ـ تۇمان ؛
پەيدا بولۇپ قالار ئىدى شۇ هامان ،
يەر بېغىرلاپ قارلىغاچلار پەرۋازى .
قىزىقىش ۋە بىلىۋېلىش كويىدا ،
دېيىشىچە ، سورىغاندا ئانامدىن ؛
قارلىغاچلار ئېھتىيات قىپ يىلاندىن ،
كېلەر ئىمىش تۇمانلارنىڭ قوينىدا .
سەنمۇ شۇنداق بىر قارلىغاچ بۇ يەردە ،
دەرد ۋە پىغان ئۆرلىگەندە يۈرەكتە ،
تەشۋىش بىلەن ئۇچقان مېنىڭ يولۇمغا .
ئېھتىيات قىپ كۆزەينەكلىك يىلاندىن ،
ئەتراپىڭنى زەن سېلىشتىن ـ گۇماندىن ،
ئۇچقان پەقەت كۆز باغلىغان گۇگۇمدا .

29 . 3 . 1998

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# جىگدە چېچىكى

كەپ بولغاندۇ باھار سەھرا ــ قىرلارغا ،
خۇش ئىپارغا تولۇپ باغرى ــ قۇچىقى ؛
ئۆزلىكىدىن تېشىپ قالغان بۇلىقى ،
بالاغەتتىن دېرەك بېرىپ قىزلارغا .
ئۇرغان چاغدا يىراقلاردىن دىماققا ،
مەست قىلغۇچى خۇش ھىد ــ جىگدە چېچىكى ؛
خۇددى كۆچلۈك ئەتىر كەبى تىنىقى ،
قوزغاپ قويدى تاتلىق سېزىم شۇ قىزدا .
بىر ھارارەت يامرىغاندا تېنىگە ،
خۇددى سۇدەك شۇ پۇراقلار ئىچىدە ،
جىگدە پۇراپ قالغاندۇ ئۇ كۆتۈشتە .
كۆرۈپ كەلگەچ چەت يېزىنىڭ شۇ قىزى ،
مۇھەببەتنىڭ ئورنىدا ئۇ جىگدىنى ،
جىگدە پۇراپ تۇرار ھەربىر سۆيۈشتە .

29 . 3 . 1998

www.uyghurkitap.com

# كۈندەشلىك

تاشتى تومۇر ـ تومۇرۇمدىن غەزىپىم ،
ساڭا ئەمەس ، بەلكى پەقەت ئۆزۈمگە ؛
سىغماي كەلگەچ مۇھەببەتلىك كۆزۈمگە .
كىملەرگىدۇ قىزغىن بولۇپ كەتكىنىڭ .
چىرايىمدىن خۇشاللىقىم ئۆچمەكتە ،
كۆچكەن كەبى دۆۋە ـ دۆۋە شۇ قۇملار ؛
كۆچكەن كەبى قېلىن ـ قېلىن قار ـ مۇزلار ،
دەرد ۋە ئازاب مەن تەرەپكە كۆچمەكتە .
خەق ياقتۇرغان لەۋ سۇرۇخ ۋە سۈرمەڭنى ،
ياقتۇرمايمەن ، خەق ياقتۇرغان كۈلكەڭنى ،
مېنى دېسەڭ ، ئۇنى ئىتقا تاشلاپ بەر .
مەن ھەسەتخور ھەسەتتىن ھېچ چېكىنمەس ،
يەم بولسامۇ ئوققا مەڭگۈ يېڭىلمەس ،
بۇ دۇنيادا كۈندەشلىكى قاتتىق ئەر .

30 . 3 . 1998

# جاۋاب بەر

خاراب بولدۇم ئۆزۈم قۇچقان شەرەپتە ،
يۈرىكىمدە تىكلەپ بېقىپ ئەلئىبىهرام ؛
ئايلاندۇردىم كۈلگە بىراق قىپ گۇمران ،
ئىچ ـ ئىچىمدە كۆيۈپ تۇرغان ھەسەتتە .
مېنىڭ كۆڭلۈم بىر مۇقەددەس قەسرمۇ ،
مۇمكىن بولماس بىر ئۆمۈرمۇ يېقىنلاش ؛
يوق نېمشقا خەقتە مەندەك چېقىنلاش ،
مەن ئۆزۈمگە تۇتقۇن بولغان ئەسىرمۇ ؟
بىلسەڭ ، قەلبىم شەكىلسىز بىر ئېھرامدۇر ،
ئازابلىرىم تۈگىمەس بىر ئىلھامدۇر ،
كىرىزىسكە پاتقان مۇشۇ كوچىدا .
قىلغاندىمۇ ماڭا ئىمان دالالەت ،
يول قويمىغان ۋەھشىي سۆيگۈ ـ كاساپەت ،
تىرىلدۈرەر قايسى ئىلاھ قولىدا . . . ؟

30 . 3 . 1998

www.uyghurkitap.com

# ئۆتكۈنچى يامغۇر

كەل شېئىرىم، بولغىن مۇڭداش ــ ھەمنەپەس،
ئېغىر چارچاش يۈز بەرمەكتە روھىمدا؛
كۆپەيمەكتە قات ــ قات قەرز بوينۇمدا،
تۈگەشكەندەك تاجۇ ــ تەخت ــ سەلتەنەت.
ياغدىم ئۇزاق ئۆز ئۆزۈمگە داۋراڭسىز،
سىم ــ سىم يامغۇر كەبى ئۈنسىز ــ شەپىسىز؛
قالغاچ ئۇنىڭ تەك ــ تېگىدىن خەۋەرسىز،
تەنتەكلىكتە سۆيۈپ قويسا گالۋاڭ قىز.
بولۇپ قالسا قىزلار يامغۇر ئۆتكۈنچى،
ئۆز قەلبىگە تىلسىز ئاسىي ــ بۆلگۈنچى،
يىگىت قەلبى بۇنى قانداق كۆتۈرەر؟
يۈرىكىنى ئامال قىلىپ قايتۇرۇپ،
ئەسلىدىكى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ،
يىگىت بولسا چىداپ تۇرۇپ ئۆتۈنەر.

30 . 3 . 1998

# بىراق . . .

قۇرۇپ قالغان ، تاشلاندۇق بىر يىلتىزدىن ،
كۆكلەپ قالار بىر يېشىللىق بىخ سۇرۇپ ؛
قالغاندىمۇ ۋاقىت ئۇزاق ئۈزۈلۈپ ،
ھەيران بولماس ئىنسان ئەقلى بۇ سىردىن .
ئۇزاقلاردىن تىنىپ قالغان دەريادا ،
پەيدا بولۇپ قالار تۇرۇپ تاشقىنلاش ؛
پورەكلىگەن كەبى گۈللەر بىر تۇتاش .
قاقاسلاشقان ـ چۆلدەرىگەن باغلاردا .
خالىي بولساڭ ئالدىنىشتىن ـ پەرەزدىن ،
قۇرۇش ئەسلا ئوڭاي ئەمەس ئەزەلدىن ،
زەربە يېگەن ۋە دەز كەتكەن يۈرەكنى .
چۈنكى ، بويۇم ئەمەس تۇيغۇ ـ ھېسسىيات ،
ئۆتسە ۋاقىت ، قالسا ئەگەر كونىراپ ،
ئالماشتۇرسا بولىدىغان بۆلەكنى .

31 . 3 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## تاشلاندۇق سۆيگۈ

تاشلاندى بىر ئاددىي نەرسە ئورنىدا ،
سۆيۈلۈشتىن قالغان مېنىڭ يۈرىكىم ؛
ئىسسىق قېنىم ، پاك ۋە سۈزۈك كۆز يېشىم ،
پاتقاق تولغان كوچىلارنىڭ قوينىغا .
شۇ شىددەتلىك قار ئارىلاش يامغۇردا ،
هارارىتى يوقالمىغان بىر قەلب ؛
ئىشق تەپتى سوۋۇمىغاچ ئاشۇ پەيت ،
يىلىنجايدۇ مۇزدەك.هاۋا قوينىدا .
بىر تۇيغۇ بار تەنلىرىڭگە چېكىلگەن ،
بىر جۈپ كۆز بار ساڭا مەڭگۈ تىكىلگەن ،
قالغاندىمۇ مۇھەببەتتە تاشلىنىپ .
سەن كۆرسەن شۇ تاشلاندۇق سۆيگۈدە ،
بەلكى ، كۈچلۈك بىر سۆيۈشنىڭ مەڭگۈگە ،
قالغىنىنى ئاستا ـ ئاستا باشلىنىپ .

1 . 4 . 1998

# سۆيگۈنىڭ بىر قانىتى

كۆكۈل ئەمەس بىر تال گىياھ قەيەرگە ـ
يىلتىز تارتىپ كۆكلەيدىغان تىكسىلا ؛
سۆيۈلمىسە ، بىرسى نابۇت قىلسىلا ،
سۆيگەن يەنە كىمنى ئوخشاش تەلەپتە .
كۆكۈل بىر تۇپ دەرەخ كەبى سۇ ئىچىپ ،
بىخ سۈرىدۇ ھامان بىر قىز قەلبىدە ؛
قۇرىغاندىمۇ ئۇ قاتمۇ ـ قات زەربىدە ،
قالار كىممۇ ئىچ ئاغرىتىپ ـ ئېچىنىپ .
بىلسەڭ ئەگەر ، سۆيگۈنىڭ بىر قانىتى ،
سېنى ھەردەم سەگىتكۈچى ساۋىقى ،
باش باھاردا چۈشكەن سوغۇق تامچىدەك .
كېچەلمەيمەن ، بىراق مۇشۇ تۇپراقتىن ،
ياۋا گۈلدەك بىر مىجەزلىك قىزچاقتىن ،
يەپ تۇرساممۇ مەن داۋامنى قامچىدەك .

3 . 4 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەۋرىنىش

مۇھەببەتكە تويۇنغان شۇ كۆز بىلەن،
سېھرىي كۆچكە ئىگە تولغان يوتىلار؛
ئۆرۈلگاندەك چوققىلارغا ـ چوققىلار،
پەيدا قىلدى ۋۇجۇدۇمدا زىلزىلە.
پەيدا قىلدى بەلكى ئېغىر ئىختىلاپ،
مېنىڭ بىلەن ئارىسىدا يولۇمنىڭ؛
قورشاۋىدا بىر مەپتۇنكار زۇلۇمنىڭ،
باردىم باشقا بىر قۇتۇپقا يېقىنلاپ.
قۇدرىتىدىن قالدى چەكسىز ئېتىقاد،
توقۇنۇشقاچ ئەقىل بىلەن ھېسسىيات،
بىر خۇلقى بىر جەڭگە تەك قىز ئالدىدا.
ھەممە نەرسە شالغۇتلاشقان دەۋردە،
ئالىيجاناب ۋە رەزىللىك ھەققىدە،
شىۋىرلايمەن ئۆز ئۆزۈمگە دالدىدا.

3 . 4 . 1998

# پىچەتلەنگەن يۈرەك

ئالغان تۇرسا تېنىڭ مەندىن ئۇرۇقلاپ ،
بۇزغان تۇرسام پىچەتنىگنى مەن سېنىڭ ؟
قانداقلارچە پىچەتلىدىڭ سەن مېنىڭ ،
يۈرىكىمنى ، دەرۋازامنى قۇلۇپلاپ .
ياشلىقىمنىڭ تۇمانلىرى ـ ماناندا ،
ئويلاپ يەتسەم تاشلىنىشىنىڭ سىرىنى ؛
گۇناھ ئىكەن بەكلا سۆيۈش بىرسىنى ،
بۇ ساختىپەز ، كاردىن چىققان زاماندا .
تومۇرۇمدىن تاشقان سۆيگۈ قىياندەك ،
سىغدۇرالماي قالدى ، كەلسە بوراندەك ،
سېنىڭ ئاددىي ، كىچىككىنە يۈرىكىڭ .
مېنىڭدىكى بۇ بىر قالتىس مۇھەببەت ،
تۇيۇلمىغاچ ساڭا بەخت ۋە ئامەت ،
سىغدۇرمىدى ئاخىر شۇ بىر جۇپ كۆزۈڭ .

5 . 4 . 1998

# كەپتەر

دانلىماقتا بىر چىرايلىق ئىپتىزدا ،
بىر جۈپ كەپتەر بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ ؛
قالساق ئىدۇق بىز ئۇنىڭغا ئالمىشىپ ،
چۆكمەس ئىدى يەلكەنلىرىم دېڭىزدا .
سوقۇلمىغان بولار ئىدى ئۆزگىرىپ ،
شۇ يوشۇرۇن خاداتاشقا ئۇ يەنە ؛
ھەتتا خادا تاشتەك قاتتىق يۈرەككە ،
بىر رەھىمسىز ھالاكەتكە يۈزلىنىپ .
ئۇچتى ساڭا بىر تال كەپتەر قېقىپ پەر ،
رەھىم قىلىپ ئازغىنا دان چېچىپ بەر ،
چۈنكى ، نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ قالغان .
خالىمىساڭ ، قونغىنىدا ئۆگزەڭگە ،
يات كۆرۈنسە كۆزلىرىڭگە ، ئۆزەڭگە ،
چالما ئاتقىن ، بولسۇن ئەمدى يوقالغان .

5 . 4 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

# يىراقتىكى ھەمراھ

ساڭا چەكسىز يېقىن بىر ھېس ـ تۇيغىدا ،
سۆيگەنىدىم تېخى بايا كۆزۈڭگە ؛
ھايال ئۆتمەي مانا ئەمدى بىر دەمدە ،
كىرىپ كەتتىم تاغ ـ جەزىرە قوينىغا .
ئەتراپىتىكى قاقاسلىققا قوشۇلۇپ ،
يۈز بەرگەندە يۈرىكىمدە غېرىبلىق ؛
گويا يېشىل گىياھ كەبى بىخ يېرىپ ،
كۆكلەپ چىقتىڭ سەن شۇ ھامان جۆر بولۇپ .
خىياللىرىڭ خىيالىمغا ياندىشىپ ،
قەيىرىڭدۇر بىر ـ يېرىمگە تارتىشىپ ،
ھەمراھ بولدۇڭ زېرىكەرلىك سەپەردە .
غېرىبسىنىپ قالغىنىمچە يىراقتا ،
جىمجىت ، مۇزدەك ئىشخاناڭدا پىراقتا ،
قارلىغاچتەك مىسكىن ، ئاۋات شەھەردە .

7 . 5 . 1998

# غېرىبلىق نۇرى

ئەكس ئېتەر بىر نۇرانە غېرىبلىق ،
بىر چىرايلىق جۇلالىغان شۇ گۈلدە ؛
بىپايان كۆك ، چەكسىز دېڭىز ۋە كۆلدە ،
مۇكەممەللىك بارار تىمتاس قىرىلىپ .
ئاۋۇ قىزدا ــ يەتكەن راسا ۋايىغا
جەلىبكارلىق تېپىچەكلىگەن ئۇ كۆزدە ؛
مېنىڭدىكى ساغلام ــ مەزمۇت بۇ تەندە ،
ئايلانماقتا غېرىبلىق بىر مودىغا .
كەلدى هامان قەلبىمىزگە ئىز بېسىپ ،
بىر مۇكەممەل بوشلۇق ــ يۈكسەك غېرىبلىق ،
بىز ئىككىمىز سۆيۈشكەندىن تارتىپلا .
پەيدا قىلغاچ مۇكەممەللىك كەمتۈكلۈك ،
قوغلاشقانچە قالغاندەكلا كېچىكىپ ،
قانالمىغاچ مۇهەببەتكە باشتىلا .

7 . 5 . 1998

# چەكلەنگەن سوۋغا

يارىغاندەك قىلىچ تۇتقان بىر ئەركەك ،
جەڭلەر ئارا يۈكسەك ئۆلۈم ـ قىلىچقا ؛
ياراپ قالدىم مەن سېنىڭدەك بىر قىزغا ،
ئەرزىگەچكە سۆيۈلۈشكە بۇ يۈرەك .
ساڭا بەرگەن شۇ چەكلەنگەن سوۋغامنى ،
ئەيىبلەيدۇ ھېسسىياتسىز مەخلۇقلار ؛
ئەتراپىتىكى قاتمۇ ـ قات تام ـ قورۇقلار ،
ئۆرلەتمەكتە ئىچ ـ ئىچىمدىن ئوۋغامنى .
ۋۇجۇدۇمدىن يامراپ قاچقان بىر ئوتنى ،
ھېچكىمگىمۇ نېسىپ بولماس شۇ قۇتنى ،
ھارارەتتەك ، تەنلىرىڭگە ئېقىتتىم .
چەكلەنسىمۇ بۇ ئىنتىلىش ھەر يەردە ،
چەكلىمەستىن ، چەكلەنگەن شۇ دەۋرىڭدە ،
مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىتتىم .

8 . 5 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

## بەختسىز بەخت

سۆيۈلمىسەم مەن ئۆزۈمگە جاۋابكار ،
سۆيدۈرمىسە ئۇنىڭ مەيلى ــ ئۆز ئىشى ؛
سۆيۈلمىسە بىراق ، قىزنىڭ يۈرىكى ،
يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىلا گۇناھكار .
پارلىمايدۇ مۇھەببەتنىڭ نۇرلىرى ،
بۇ قارىغۇ يىگىتلەرنىڭ كۆزىدە ؛
شۇڭا ئۇلار ھۇجرىسىدا ــ ئۆيىدە ،
يوق سۆيۈشنىڭ ئوتلۇق مىسرا ــ قۇرلىرى .
يوپۇق ئاچقان چاغدا سۆيگۈ زاۋالى ،
بىر پەرىشتە ياكى ئولجا مىسالى ،
ئۇچۇپ كەلدىڭ بۇ يىگانە قەلبىمگە .
مەندىن بۆلەك بۇنى ھېچكىم سەزمەيدۇ ،
قالغىنىڭنى ئېرىشىپ ھەم بىلمەيدۇ ،
بەختسىزلىك ئارا چەكسىز بەختكە .

9 . 5 . 1998

# مۇھەببەتنىڭ ۋەتىنى

تۇغۇلدۇ ئەڭ ئاۋۋال شۇ گۈل ـ گىياھ ،
يىلتىز تارتىپ تۇپراقلارغا شەپىسىز ؛
ئۆلگەندىمۇ ياشايدۇ ئۇ قەبرىسىز ،
ئۆز تېنىنى قىلىپ قەبرە ۋە تۇپراق .
تۇغۇلدۇ بىراق سۆيگۈ ئەڭ ئاۋۋال ،
مۆجىزىدەك ، قىز ـ يىگىتنىڭ كۆزىدە ؛
يىلتىز تارتىپ جىمجىت ئۇلار قەلبىدە ،
ئاچار تەنلەر ئارىسىدا يول ـ قانال .
قىز ـ يىگىتنىڭ ئاددىغىنا يۈرىكى ،
بوپ قالدۇ بىر مۇقەددەس ۋەتىنى ،
مۇھەببەتنىڭ ـ بۇ بىر گۈزەل سۆيۈشنىڭ .
دېمەك ، سۆيگۈ ماكان تۇتسا يۈرەكتە ،
مەيلى ئامەت ، مەيلى تەقدىر ـ قىسمەتتە ،
ھاجىتى يوق تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشنىڭ .

9 . 5 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# قىيامەتنىڭ بەلگىسى

كۆزلىرىڭدە ئىسيان قىلغان قىيامەت ،
تەنلىرىڭدە چىققان چاغدا ئەۋجىگە ؛
جەننەت كەبى قىيامەتلىك سۆيگۈدە ،
ياشاپ كەلدىم سۈرۈپ دەۋران كارامەت .
قىيامەت قىز ـ قىزلار ئارا سەن دېگەن ،
مۇجەسسەم شۇ ۋۇجۇدىڭغا بار قۇدرەت ؛
شۇڭا ، سەندىن تاپتى سۆيگۈ قۇت ـ نۇسرەت ،
قىيامەت ئەر ـ ئەرلەر ئارا مەن دېگەن .
بۇ دۇنيادا سېنى سۆيۈپ قالغىنىم ،
قىيامەتكە يۈرۈش قىلىپ ماڭغىنىم ،
يولۇققاچقا قىيامەتنىڭ سەرخىلى .
چاچلىرىڭدا دولقۇنلىغان قىيامەت ،
تومۇرۇڭدا ئۇخچۇپ تۇرغان قىيامەت ،
بىر جان ئۈچۈن قىيامەتنىڭ بەلگىسى .

9 . 5 . 1998

# دېڭىز ۋە ئارال

ئۇرۇلماقتا شىددەت بىلەن ئارالغا ،
مۇھەببەتلىك دولقۇنلىرىڭ ھايالسىز ؛
قالغان كەبى بىردەملىكلا قامالسىز ،
كەلدى ھەممە ئەزايىڭ تەڭ زوۋانغا .
سىڭىپ كەتتىڭ ھاياجاندا تېنىمگە ،
سىڭىپ كەتتىڭ ئەركىنلىككە غەرق بولۇپ ؛
سىڭىپ كەتتىڭ ۋۇجۇدۇمغا بەرق ئۇرۇپ ،
سىڭىپ كەتكەن كەبى يامغۇر زېمىنگە .
تېنىڭدىكى بۇ دەھشەتلىك پارتلاش ،
كۆزۈڭدىكى شەھلا ئۇچقۇن ـ يالتىراش ،
ئەرلىكىمنى قىلدى تەنھا قونالغۇ .
توغرا كەلسە بۇ سۆيۈشتىن ۋاز كېچىش ،
دېڭىز ، ئارال ئايرىلغاندەك ئايرىلىش ،
ئوخشاشلا ھەر ئىككىمىزگە ئۇۋالغۇ .

9 . 5 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# توي كېچىسى

مۇزلىماقتا گىرۋىكىدە بۇلۇتنىڭ ـ
تەنها قۇياش ، يات بىر يالقۇن تەپتىدە ؛
بىر تۇپ گىياھ شەكلەن باھار پەيتىدە ،
مۇزلىماقتا زەربىسىدە سوغۇقنىڭ .
مۇزلىماقتا ئوتتەك ئىللىق ھۇجرىدا ،
ئوتتەك بىر تەن مۇزدەك سېزىم ئىلكىدە ؛
بىر خۇنۇك نۇر يانغان رەڭدار جىلۋىدە ،
مۇزلىماقتا قىز يىگىتنىڭ قوينىدا .
جەڭ قىلماقتا ئۆزى بىلەن يەكمۇ ـ يەك ،
جىمجىت ، لېكىن شىددەت بىلەن بىر يۈرەك ،
بەخت سۈپەت بەختسىز توي كېچىسى .
چۈنكى ، ساختا سۆيۈشكە ئۇ دۇچ كەلگەچ ،
نەچچە ۋاقتىن بىلىپ ـ بىلمەي بوپ كەلگەچ ،
باشقا بىر تەن ئۆز تېنىنىڭ ئىگىسى .

10 . 5 . 1998

# ياۋا گىياھ

كەلدى هامان تومۇرۇمدا دولقۇنلاپ ،
بىر ياۋا قان بۇندا ماڭا بوي بەرمەي ؛
شاتلانىسمۇ بىرەر قېتىم توي بەرمەي ،
كەلدى ئەركى دەريا كەبى بۇژغۇنلاپ .
دۇچار بولدى بىر كۆلپەتلىك سۆيۈشكە ،
مېنىڭدىكى ياۋا مىجەز ، ياۋا روھ ؛
يەپ تۇرسىمۇ كۈندە زەربە ، كۈندە ئوق ،
چېكىنمەيدۇ ، رازى بۇندا ئۆلۈشكە .
دەل ـ دەرەخنىڭ ياكى ئۇچار قۇشلارنىڭ ،
ئۆز مەيلىدە ياشاپ كەلگەن هايۋاننىڭ ،
بولغىنىدەك قالتىس هامان ياۋىسى .
مەن بىر ياۋا گىياھ يەردە ئۆسمەيمەن ،
شۇڭا ، پەقەت قەلبىڭدىلا كۆكلەيمەن .
بۇ بىر ياۋا سۆيۈشنىڭلا ئامتى .

11 . 5 . 1998

## قەلبىمدىكى ئۇلجا

بىر چىرايلىق مۇھەببەتلىك پەسلىگدە ،
يەتكەن چاغدا مۇھەببەتتە ۋايىغا ؛
سىغمىغاندەك بىرەر يىگىت باغرىغا ،
ياشاپ كەلدىڭ بىر مىنىگلا قەلبىمدە .
داجىپ بىقىپ بۇ سۆيۈشتىن نەچچە رەت ،
مۇمكىن بولماي قالغان چاغدا ۋاز كېچىش ؛
دەيتتىڭ شۇ چاغ ، سەن ئۆزۈڭگە هاي بىرىپ :
ئەجەب بىر ئىش ياخشى كۆرۈش ـ مۇھەببەت .
ياشاپ كېلىپ تۇتقۇن بولماي بىر قېتىم ،
تەنلىرىڭگە يۈگۈرگەندە بىر سىزىم ،
ماڭا ئاخىر ئىختىيارسىز باش ئۇرغان .
سەن بىر ئولجا مەن ئۈچۈن بۇ هاياتتا ،
ياشىساڭمۇ بەربىرلا هەر جايدا ،
چۈنكى ، مەن شۇ يۈرىكىڭگە ئوت قويغان !

11 . 5 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

# سۇرگۈندىكى مۇھەببەت

كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ ۋەيران سىياقتا ،
تەنلىرىمنى تىلىم ـ تىلىم پارچىلاپ ؛
قايتقىنىدەك كىمدۇر جەڭدىن ھالسىراپ ،
چېكىنىمەكچى مۇھەببەتتىن بىراقلا .
سىڭگەن بولسام كۆزلىرىڭگە بىر ئوتتەك ،
ۋۇجۇدىڭدا ھەم قۇياشتەك نۇرلىنىپ ؛
بىراق ، ئەمدى ۋەتىنىڭدىن قوغلىنىپ ،
چېكىنىمەكچى گويا قارا بۇلۇتتەك .
داۋام قىلىپ كەلدى يولۇم سۇرگۈندە ،
سۆيۈپ تۇرۇپ سېنى بۇندا ھەر كۈندە ،
تاللىۋالغاچ ئازاب پەقەت مېنىلا .
سىغماي كەلدىم بۇندا ھېچكىم كۆزىگە ،
سىغدۇرغىدەك كۆزمۇ يوق يەر يۈزىدە ،
سۆيۈپ قالغاچ مەن پەقەت بىر سېنىلا .

13 . 5 . 1998

# مەڭگۈ ئۆز پېتى

دېسەم بۇندىن كېيىن سېنى سۆيمەيمەن،
ئالدىغانلىق بۇ پەقەت ئۆز ئۆزۈمنى؛
ئالدىغانلىق چىن ۋە رېئال تۇيغۇمنى،
دېسەم سېنىڭ پىراقىڭدا كۆيمەيمەن.
بۇ قانداقچە سۆيۈش، قانداق بىر قىسمەت،
تۇرۇپ قان ـ ياش، تۇرۇپ شادلىق ـ كۈلكىدە؛
تۇرۇپ رەنجىش يا ئامراقلىق ئىلكىدە،
داۋام قىلىپ كەلدى هامان مۇهەببەت.
تېنىمدىكى بۇ بىر ئىستەك قېرىماس،
يۈرەكتىكى غەليانلىرىم تىنجىماس،
ياشاپ قالساڭ ماڭا مەڭگۈ قىز پېتى.
تومۇردا قان تاشقىن ياساپ كۆۋەجەپ،
ۋۇجۇدىڭنى سۆيۈپ هەردەم گىرەلەپ،
ياشاپ قالسام ساڭا مەڭگۈ ئۆز پېتى.

14 . 5 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئاقار يۇلتۇز

بالكۇنىمغا قالدى تۇرۇپ ئۆگىنىپ ،
قاياقتىندۇر پەيدا بولغان بىر كەپتەر ؛
ئېزىققاندەك قەلبىدىكى يول ـ سەپەر ،
قويغاندەك يا بىر نەرسىنى يىتتۈرۈپ .
ياشاپ يۈرگەن چېغىمدا ئۆز ئەركىمدە ،
شۇ كەپتەردەك پەيدا بولدۇڭ يېنىمدا ؛
پەيدا بولدى يەنە بىر جان جېنىمدا ،
مۇھەببەتكە بېرىلگەن بۇ دەۋرىمدە .
بۇ شەھەرنىڭ ئەركى قىزى جىلۋىدەك ،
مېنىڭ ئۈچۈن قۇت نىشانى ـ بەلگىدەك .
ئېقىپ كەلدىڭ ئاسمىنىمغا نۇرلىنىپ .
ھەم ئېرىشتىڭ ئىزدىگەن شۇ نەرسىگە ،
سۆيگۈ پارلاپ كۆتۈرۈلگەن قەترىگە ،
يۈرىكىمدىن بىر ماكىلا جاي بېرىپ .

15 . 5 . 1998

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

# قەلبىمدىكى مەھبۇس

مەن ئۆزۈمنى قاماپ كەلدىم ئۆزۈمگە ،
مەن ئۆزۈمنىڭ قەلبىدىلا بىر مەھبۇس ؛
يۈرىكى ھەم ۋىجدانى ھەم پاك ـ دۇرۇس ،
قوندۇرمىغان چاڭ ۋە توزان گۈلۈمگە .
ئۆز تېنىدە بىر مەھبۇسقا ئايلىنىش ،
ئىنسان ئۈچۈن تاسادىپىي بىر ئامەت ؛
بىلىنمەيدۇ ئۇندىكى جەڭ ـ كارامەت ،
سېنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈش ۋە زارلىنىش .
مەن ھەرقانچە تۈرمىلەرگە سىغمايمەن ،
تەھدىت ـ جازا دېسەڭ ، كۆزگە ئىلمايمەن ،
مېنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئۆزۈملا بىر تۈرمە .
مېنى پەقەت ئۆزگەرتىدۇ شۇ يەرلا ،
بۇ بىر سىرنى بىلىپ قالغىن بىر سەنلا ،
ھېچ كىشىگە تىنما ، لېكىن ۋە دېمە .

15 . 5 . 1998

# جەننەت كۆلى

كەلگەن بىلەن جەننەتنىلا قوغلىشىپ ،
يوق ئۈنچىلا كۆپ شاپائەت ئۇ ياقتا ؛
يەتكەن نەرسە بۇندا هامان مۇرادقا ،
ئايلىنىدۇ كۆلگە ، كېتەر توزۇشىپ .
خالىمايمەن شۇڭا سېنىڭ كۆنسېرى ـ
بولۇشىڭنى مېنىڭ گۈزەل جەننىتىم ؛
ئويلىما هەم بولۇشمنى جەننىتىڭ ،
جەننەتتىمۇ بار خارابە كۆللىرى .
يۈز ئۆرۈسە جەننەت ـ قىزنىڭ يۈرىكى ،
ئېچىلىدۇ داغدام دوزاخ ئىشىكى ،
چۈنكى ، جەننەت بىلەن دوزاخ بەك يېقىن .
كۆيۈپ كەتسۇن پاك ـ پاكىزلا بىر ئوتتا ،
بۇ دۇنيادا بىر رەھىمسىز دوزاخقا ـ
ئايلانغىچە سېنىڭ ، مېنىڭ جەننىتىم .

15 . 5 . 1998

www.uyghurkitap.com

# دوزاخ گۈلى

غايەت بىر ئوت چوڭقۇر ھاڭدىن ـ ئۆڭكۈردىن ،
يانار ئىمىش لاۋۇلداپ شۇ دوزاختا ؛
قىيىنىلارمىش جىنىڭ قاتتىق ئازابتا ،
ئۆتەلمىسەڭ شۇ پىلسىرات كۆۋرۈكتىن .
گۇناھكار جان شۇڭا مەھشەر كۈنىدە ،
قاچار ئىمىش قورققىنىچە دوزاختىن ؛
ئاڭلاپ كەلگەچ تەسۋىرىنى ئۇزاقتىن ،
ساۋاب ، گۇناھ تەڭپۇڭسىز شۇ ئۆمرىدە .
كۆيۈپ كەلدى بىر ئوت ئىچى ـ تېشىڭدا ،
تۇرغاندەكلا دوزاخ سىنىڭ قېشىڭدا ،
شۇ دوزاخنىڭ بىر تال گۈلى سەن ھامان .
شۇ دوزاختا ئۇرۇپ كەلدىم ھەر قېتىم ،
مەن ئۆزۈمنى تىنماي ، چۈنكى بۇ جېنىم ـ
شۇ دوزاخنىڭ كۈلى ھامان بىر تۇتام .

15 . 5 . 1998

## ئىلاھ بەرگەن سەدىقە

سوراپ قالدى سەندىن ماكان ـ قونالغۇ ،
ئىزىققاندەك مەنزىللەردە كارۋىنىم ؛
ئىزىققاندەك يېرىم يولدا ئارمىنىم ،
سوراپ قالدى يۈرىكىڭدىن تۇرالغۇ .
بىز ئۇچرىشىپ قالدۇق ھايات يولىدا ،
بىر ـ بىرىمىز ۋۇجۇدىدىن بىخ يېرىپ ؛
كەتمە ئۈنچە سەن بۇنىڭغا ئويلىنىپ ،
ئارغامچىمىز چۈنكى ئىلاھ قولىدا .
ھاياتىمدا مەن دۇچ كەلگەن بۇ سەھەر ،
مېنى قايتا قۇچاقلىغان بۇ شەھەر ،
سەۋەبچى بۇ يۈزلىنىشكە ئەسلىدە .
بىز ئۈچۈن بۇ ئاسىي تەقدىر ۋە قىسمەت ،
بىزدىكى بۇ ئىغىش ـ ئاسىي مۇھەببەت ،
ئىلاھ بىزگە بەرگەن مەخپىي سەدىقە .

16 . 5 . 1998

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى كىچىك بىنا

بىر ـ بىرىدىن بويى تالاشقان بىنالار ـ
ئارىسىدا بار بىنا مۆكچەيگەن ؛
پاكارغىنا ، غېرىبانە شۈمشەيگەن ،
گەۋدىسىدىن ئۆرلەپ تۇرغان توزانلار .
كۆزلىرىمگە بىراق ، ئىسسىق كۆرۈنەر ،
ئېسىل ، ئالىي بىنالارنىڭ ئالدىدا ؛
چۈنكى ، ھۇجرا سۈپەت قوينى ـ دالدىدا ،
پەيدا بولغان ھاياجانلىق سەزگۈلەر .
چېچەكلىگەن تۇنجى سۆيگۈم شۇ يەردە ،
گۈلگۈن شەپەق جۇلاسىدەك بىر رەڭدە ،
شۇڭلاشقا ، مەن مۇھەببەتتە بىرىنچى .
تاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن قەسىمىم ،
قەلبىمدىكى مېنىڭ ئۇماق ۋەتىنىم ،
ئاشۇ بىنا ـ رەت نومۇرى ئىككىنچى .

16 . 5 . 1998

# مەڭگۈلۈك ئوۋ

نۇرلانغاندا قىزىلقىڭنىڭ ئۇپۇقى ،
مەن ئوۋلىدىم تۇنجى قېتىم قەلبىڭنى ؛
تارتىۋېلىپ شاھلىقىڭنى ـ تەختىڭنى ،
زېمىنىڭغا چاچتىم سۆيگۈ ئۇرۇقى .
ئوۋلىغىچە بىراق ، سېنى تەلتۆكۈس ،
قالدىم مەنمۇ بىر ئولجىغا ئايلىنىپ ؛
شۇ سېھىرلىك ۋۇجۇدىڭغا باغلىنىپ ،
پەيدا بولدى يۈرىكىمدە زور بۆسۈش .
سەن ئوۋچىدەك بۇ شەھەردە ماڭىلا ،
مەن ئوۋچىدەك بۇ شەھەردە ساڭىلا ،
ئۆتىشەيلى بىز ئۆزئارا قوغلىشىپ .
دەز كەتكۈزمەي بۇ دۇنيادا ئۆلگۈچە ،
بۇ جەننەتنىڭ سوۋغىتىغا ـ سۆيگۈگە ،
ئۆتىشەيلى قەلبىمىزنى ئوۋلىشىپ .

17 . 5 . 1998

[General Information]
书名=受伤的鸟　维吾尔文
SS号=40293874